

AltunOq

# تارىم غۇنچىلىرى

5

1985

1



ژورنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

ئابدۇراخمان ئەبەي


مۇھەررىرلەر:

ھۇشۇر ئەخمەت، مەسئۇت خالىت


رەسساملار:

ئەكبەر، ئابلىمىت،

ھەلىمە، لىيەن مىڭ



2



① كىچىك ئارتىسكا

② بەختىيار تۇرمۇش

③ جۇغراپىيە ھەۋەسكارلىرى

1985 - يىل 5 - سان
(ئومۇمى 20 - سان)
— ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال —

## ئەدەبىيات گۈلزارى

قۇشقاچنىڭ ساياھىتى (شېئىر) ...... ئابلىكىم باقى 3
كەچلىك سۆھبەت (ھىكايە) ...... ئىسمايىل تۆمۈر 7
ھېسام ئاكا باللار ئارىسىدا ...... 15
ئاخىرقى پەللە (ھىكايە) ...... مۇھەممەت ئابدۇرېھىم 18

## زېمىنىمىزدا

قاشتېشى ...... ئابدۇقادىر يۈنۈس 23
سايرام كۆلى ...... 26

## ئەلا باھالانغان تاپشۇرۇقلار

ئۇستەل سائىتى ...... ئەسقەرجان ئەيسا 28
«قىزغانچۇق» ...... چياۋ جۈن 30

## تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ

زەھەرلىك يىلان بىلەن ئېلىشىش ...... 34
پىداكارنىڭ زەپەر مارشى ...... 36

## بىلىۋېلىڭ

تۇزدىن پايدىلىنىش △ مۇز ئىچىدىكى باكتېرىيە △ ئاجايىپ تىللار △ ئەگەر قۇياش بولمىغان بولسا △ ئەگەر ھاۋا بولمىغان بولسا △ كىچىككىنە سازاڭنىڭمۇ پايدىسى زور △ ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ كۆپ ماددا △ يەر شارىنىڭ چاپىنى — ئاتموسفېرا △ يەر شارىدا قانچىلىك سۇ بار؟
ھەركەتلىك سۈرەت فىلىمى قانداق ئىشلىنىدۇ؟ ...... 39

## چەتئەل باللار ئەدەبىياتى

بادۇياللىق ۋەتەنپەرۋەر بالا ...... ئامىتىس 48
شىر ۋە كوچۈك ...... ل. تولستوي 52

## ▷ دانىشمەن نەسىرىدىن ئەپەندى ◁

«چار روسىيە» دىكى «چار» نىڭ مەنىسى نىمە؟ ............ ئا. ئابدۇسالام 55
سەيكونىنىڭ سەۋىيى نىمە؟ ............................ 56
كالا سۈتى ئەمگەن باللار نىمىشقا «كالا بالا» بولۇپ قالامدۇ؟ ......... 57
نىمە ئۈچۈن كېچىسى يول ماڭسام قورقىمەن؟ .................. 58
نىلۇن كىيىم بەدەنگە زىيانلىقمۇ؟ ................ ئا. دۆلەت 63

## ▷ كەلگۈسى دۇنيا ◁

سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى ............... 65

## ▷ سالامەت بولۇڭ ◁

سوغاق سۈنىڭ پايدىسى ................................ 73
پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرۇش ۋە كىيىم ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىسى ......... 73
باشنى چۈمكەپ ئۇخلاش زىيانلىق ........................... 74
تۇز، ئاچچىقسۇ ۋە شېكەرنىڭ كارامەتلىرى ....................... 76
ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پۇت يۇيۇشقا ئادەتلىنىش كېرەك ................. 77
تاماق تاللاماسلىق كېرەك .............................. 78
زۇكامدا سەل قارىماڭلار .............................. 78
كۆكتاتلار ئىچىدىكى «تۆت گۆھەر» ......................... 79

## ▷ ئاتاقلىق ئادەملەر ◁

ئارىستوتېل .......................................... 80
گالىلېي ............................................. 82

## ▷ زېھنى سىناش ئويۇنلىرى ◁

رەھمەت ئېيتىش ........................................ 85
تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولامدۇ؟ ........................... 85
ئۆتكەن ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ...................... 86
بىر مىنۇتتا ھېسابلاڭ ................................... 89
مۇشتىرىلاردىن خەت ..................................... 90

## ▷ ئۆگىنىشكىمىزگە مەسلىھەت ◁

مەكتەپكە نىمىلەرنى ئېلىۋېلىش كېرەك؟ ........................ 93
ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئۆگىنىشكە ياردىمى بولامدۇ؟ ......... 94

## ▷ مۇسابىقە سوئاللىرى ◁

5 - ساندىكى مۇسابىقە سوئالى ..........................


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: بەختلىك باللار

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە:

نەۋ باھارنىڭ پەيزىسى بولدى دىللارغا ئارام.
يايرىدى ياش غۇنچىلار گۈلباغ ئىچىدە شات - خورام.




ئابلىكىم باقى

هاۋا سوغاق قەھرىتان،
قاپاق ياردى ئايلىرى.
قار ئىچىدە ئۇيقۇغا —
چۈمگەن مەلە باغلىرى.

ئۇزۇق ئىزلەپ ئاق قۇشقاچ،
ئۇچۇپ كەپتۇ بىر باقتا.
مەنىستەمەستىن قونۇپتۇ،
«قۇرۇپ قالغان» بىر شاخقا.

نەپ بەرمەس دەپ ئەيىپلەپ،
كايىپتۇ ئۇ ۋىچىرلاپ.
ئۇخلىغىلى قوي دەپتۇ،
ئۇ شاخ ئاستا شىۋىرلاپ.

ئايلار ئۆتۈپ باھار كەپ،
سۇ ئىچىپتۇ شاقىراپ.
ئۇچۇپ كەتكەن ئاق قۇشقاچ
كەپتۇ يەنە ۋاقىراپ:



AltunOq



«تالاي بەرنى ئىگەللەپ
ئۆرۈپسەنغۇ كۆكۈرۈپ،
ھېچ پايداڭ يوق ئۆزەڭچە
تىرىلىپسەن بىخ سۈرۈپ.

مەن چىمەندا ئېتىزدىن
قۇرۇت، قوڭغۇز تېرىيمەن.
ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق
ئىشنى قىلىپ قېرىيمەن.

كۆرسە مېنى شۇڭلاشقا
يايراپ كېتەر داللار.

ئوينار دائىم مەن بىلەن
ئوماق كىچىك باللار.»

شۇنداق دەپلا ئاق قۇشقاچ
راۋان بوپتۇ يولىغا.
كۆلۈشۈپتۇ باغ، باراڭ،
ئۇنىڭ ئاتقان پوسىغا.

ئۈزۈن ئۆتمەي ياز كەپتۇ،
كۆلگە ئۆدەك ـ غاز كەپتۇ.
كاككۇك، بۇلبۇل، تورغايغا،
كەڭتاشا باغ ئاز كەپتۇ.

ئېچىلىپتۇ ئالمىنىڭ،
شاخ ـ شېخىدا گۈل ـ چېچەك.
ئۇسۇل ئويناپ كۈلۈپتۇ،
بال ھەرىسى، كېپىنەك.

كەپتۇ باققا ئاق قۇشقاچ
كۆپ يەرلەرنى ئايلىنىپ.
تەن بەرمەپتۇ يەنىلا،
ئۆز ئىشىدىن ماختىنىپ.

«چېچەكلىرىڭ نىمىدى؟
ھېچكىم بىر تال ئۈزمىسە،
باللارمۇ، گۈل كۆرۈپ،
گۈل ـ دەستىلەپ تۈزمىسە...»
قۇلاق سالماي ئالمىنىڭ،
«توختا!» دىگەن سۆزىگە.

ئۈچۈپتۇ ئۇ ھىچكىمنى،
تەڭ قىلماستىن ئۆزىگە.

كەپتۇ ئالتۇن كۆز پەسلى،
قۇشقاچ يەنە شۇ باققا.
تۇرۇپ قاپتۇ داڭقىپتىپ،
قاراپ بېقىپ ھەر ياققا.

دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى،
تۇرغۇدەكمىش ئېگىلىپ.
قىزىل رەڭدار ئالمىلار،
چۈشۈپتۇمىش تىزىلىپ.

پۈركىنىپتۇ باغ ئىچى،
قايىنام ـ تاشقىن شاتلىققا.
ماشىنىلار تولۇپتۇ،
ئالما، ئانار تاتلىققا.

ئىشلەر ئىكەن باللار
ناخشىسىنى ياڭرىتىپ.
مېۋە توشۇپ سىۋەتلەپ،
كۈلەر ئىكەن شاتلىنىپ.

كېلەلمەپتۇ ئاق قۇشقاچ،
ئالمىلىق باغ ئىچىگە.
خىجىل بوپتۇ تولىمۇ،
بۇرۇن قىلغان گېپىگە.

# كەچلىك سوھبەت



(هىكايە)

ئىسمايىل تۆمۈر

بۈگۈن مەكتەپتىن كېچىكىپ قايتقان بولسامۇ، خاتىرجەم، كۆڭلۈم توق هالدا ئۆيگە كىردىم. ئادىتىم بويىچە دادام، ئاپاملار بىلەن سالامىلاشقاندىن كېيىن، سومكامنى، قولاقچامنى، پەلتۇيۇمنى ئۆزەم كىيىم ئاسىدىغان ئاسقۇغا ئاستىم. هەر هالدا كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن. دادام، ئاپام، سىڭلىم رەيهانگۈل بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. تاماقتىن كېيىن دادام بۈگۈنكى ئوقۇش ئەھۋالىم ئۈستىدە سورىدى، مەن دادامنىڭ سوئاللىرىغا هودۇقماي، تەمتىرىمەي جاۋاپ بەردىم. كۆڭلۈم ئاخىرقى سوئالغا — مۇقەررەر سورىلىدىغان سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. مەن تەقەززا بولۇۋاتقان سوئال ئاخىرى سورالدى:

— بۈگۈن كەچتە كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۆزەمنى سەل بېسىۋېلىپ كېچىكىپ قايتىشىمنىڭ سەۋەپ - جەريانىنى سۆزلىدىم:

— ئاپتۇۋۇزغا چىقىپلا بىلەت ساتقۇچىنىڭ يېنىدا

ئـۆرە تۇردۇم. مېنىڭ كەيـنىمـدىنـلا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي چىقتى، ئۇلار چىقىپلا بىلەتچىگە: «3 ـ دوختۇرخانىغا بارىمىز، ئىككى بىلەت بەرسىلە» دېدى. بىـلەت ساتقـۇچى ئۇلارنىڭ تىببى ئىـنىسـتىتۇت تەرەپـكە ماڭغان ئاپتوۋۇزغا چىقىپ قالغانلىقىنى، ئاپتوۋۇز توختىتىشى بىلەنـلا چۈشـۈپ ئايلانما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن يولنىڭ ئۇ يېقىدىكى بېكەتتىن ئاپتوزۇزغا چىقىشىنى ئۇقـتۇردى. ئۇ ئىـكـكـيـلەن پەرىشان هالدا ئىشىك تەرەپـكە مېـڭىشـتى، مەنمـۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشۈپ ئۇلارنى 3 ـ دوختۇرخانىغىچە ئاپىـرىپ قويدۇم...

— يارايسەن ئوغلۇم، ياخشى ئىش قىلىپسەن، — دېـدى دادام مېنى ماختاپ.

مەن ئاپام بىلەن سىڭلىم رەيھانگـۈلگە قاراپ قويۇپ دادامغا ئەركىلىدىم:

— دادا، ئوقۇشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسـەك مۇكا ـ پاتلايتتىڭىز، ياخشى ئىش قىلساقمۇ مۇكاپاتلامسىز؟

— ئەلۋەتتە مۇكاپاتلايمەن.

ئاپام، سىڭلىم دەرهاللا دادامغا قارىدى. مەنمۇ دادام ـ دىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتىم.

— سېنى ئىككى نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاي بىرىنچىـسى لەتىپە، ئىككىنچىسى قوساقتا يەيـدىغان ئوبدان بىر نەرسە. قېنى، قايسىسىنى ئاۋال ئالىسەن؟

مەن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاپامغا، سىڭلىمـغا قاراپ قويۇپ:

— ئاۋال لەتىپىنى ئېيتىپ بېرىـڭ! — دېدىم. سىـڭـلىم «مەنمۇ ئاڭلايمەن» دەپ يېنىمغا كېلىپ ماڭا چاپلىـشىپ

ئولتۇردى. دادام لەتىپىنى باشلىدى: نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ: «ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭلار؟» دەپتۇ. ئەپەندىم ئۇ ئادەمگە: «بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقىڭىز بولسا ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

دادامنىڭ بۇ «مۇكاپاتى» نى ئاڭلاپ، خۇددى يېڭىدىن پىشقا باشلىغان چۈچۈك ئالمىنى يېگەندەك بىر قىسملا بولۇپ قالدىم. دادام ئەپتىمگە قاراپ يۇمشاققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەمدى ئىككىنچى مۇكاپاتنى بېرىمەن، لېكىن بۇ «مۇكاپات» نى بىر شەرتنى ئورۇنلاپ ئالىسەن، — دېدى.

سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز بىردىنلا سەگەكلىشىپ دادامغا قاراشتۇق.

— بۇ شەرت، — دېدى دادام، — بىر تېپىشماق ئېيتىمەن، شۇنى يېشىپ بېرەلىسەڭ، ئاندىن ئۇ مۇكاپاتنى ئالىسەن، ئەگەر سىڭلىڭ رەيھانگۈل سېنىڭدىن بۇرۇن يېشىپ بەرسە، مۇكاپات ئىككىڭلارغا تەڭ ئۈلۈشتىن بېرىلىدۇ. بۇ تېپىشماق مۇنداق: «تېشى سىرلاغلىق، ئىچى مىقلاغلىق» بۇ نىمە؟ بەش مىنۇت ئىچىدە تېپىپ بولۇشۇڭلار كېرەك.

دادام تېپىشماقنى دەپ بولۇپ ساراي ئۆيگە كىرىپ

كەتتى. سىڭلىمنى ئاپام قۇچىقىغا ئېلىپ سەل كەينىگە سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. كالالامغا ھەر خىل جاۋاپلار كېلىشكە باشلىدى ...

— مەن تاپتىم، ئۇ ئانار! — دەپ توۋلىۋەتتى سىڭلىم. مەن چۆچۈگەن ھالدا سىڭلىمغا ھومىيىپ قاراپ قويدۇم. ئاپامنىڭ چىرايىدىن بىر خىل يوشۇرۇن كۈلكە چىقىپ تۇراتتى. سىڭلىممۇ ئاپامغا چىلىك چاپلاشقان ھالدا غالىبانە كۈلەتتى.

ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ كۈلكىلىك تۇرقىدىن بىر ئىشنىڭ سىرىنى پەملىگەندەك قىلدىم ـ يۇ، لېكىن سىڭلىمنىڭ مېنىڭدىن بۇرۇن جاۋاپ تېپىۋالغانلىقىغا ئىچى تارلىق قىلغۇم كېلىپ:

— بۇ ھېساپ ئەمەس، دادام يەنە باشقا بىرنى دەپ بەرسۇن، — دېدىم. شۇ چاغدا دادام تەخسىدە يوغان بىر ئانارنى ئېلىپ چىقتى. بىر قولىدا كىچىك بىر قەلەمتۇراچ بار ئىدى. بۇ ھال مېنى تېخىمۇ ئەجەپلەندۈردى.

— ئۇنداق بولسا گېپىمىز گەپ، «مۇكاپات» نىڭ يېرىمى رەيھانگۈلگە تېگىشلىك، — دېدى دادام ئانارنى پارچىلاۋېتىپ.

ئاپام سىڭلىم رەيھانگۈلنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن يەنە بايىقى گېپىمدە چىڭ تۇردۇم:

— بۇ ھېساپ ئەمەس، دادا، يەنە بىرنى دەپ بېقىڭ.

دادام ئانارنى تەڭ يېرىمىدىن بۆلۈپ ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. مەن سىڭلىمغا نارازىلىق بىلەن

قاربدىم - دە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى يېرىدىم ئانارغا قولۇمنى سۇندۇم. سىڭلىم شۇئان چاقىقانلىق بىلەن قولۇمغا چاڭگال سالدى، مەن ئانارنى قويۇۋەتتىم. سىڭلىمنىڭ تىرنىقى قولۇمنى جىجىۋەتكەن ئىدى. قولۇمنى سىلىغىنىمچە جىمىپ قالدىم. رەيھانگۈلمۇ قاتتىق ئۇيالدى بولغاي، ئانارنى مېنىڭ ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى.

بىزنىڭ قىلىقلىرىمىزغا قاراپ تۇرغان دادام يەنە مۇلايىم كۈلكىسى بىلەن مېنىڭ «دەۋايىم» نى ماقۇل كۆردى:

— يەنە بىر تېپىشماق ئېيتاي، بۇنى سەن ئۆزەڭلا تاپسەن،— دىدى دادام. ئۇ رەيھانگۈلنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇستەلدىن سەل كەينىگە سۈرۈلدى - دە، تىرناق ئالغۇچىنى چىقىرىپ سىڭلىمنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىشقا باشلىدى.

ئۆيىمىزدە هازىر بولۇۋاتقان ئىشلار كۆڭلۈمنى سەل - پەل خىرەلەشتۈرگەندەك ئىدى. ياخشى ئىش قىلىپ كەلسەممۇ دادام ماڭا پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇغۇ؟ ئانارنى ماڭىلا بەرسە مەن هەرگىزمۇ ئۆزەم يالغۇز يېمەيتتىم، سىڭلىمغا بېرەتتىم... تېپىشماق نى سىڭلىم ئۆزى ئويلاپ تاپقاندىمدۇ؟... دادامنىڭ ئەمدى ئېيتىپ بېرىدىغان تېپىشمىقى قانداقتۇ؟ بۇنىمۇ سىڭلىم...ياق، تىرىشىپ كۆرەيچۇ، قېنى... مەن مۇشۇ ئويلار بىلەن دادامنىڭ تىرناق ئېلىشىغا سەپسېلىپ قاراپ تۇردۇم. دادام ئىشنى تۈگىتىپ يەرگە چۈشكەن تىرناقلارنى تېرىپ ئېلىشقا باشلىدى. دادام رەيھانگۈلنىڭ قولىنى يۇيۇپ بولۇپ يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تېپىشماقنى ئېيتتى:

«ئون تولۇن ئاينىڭ قاراڭغىدىن جۇ ئالدىڭ ئون هىلال،

كىردى تۇپىراققا ھىلال، ئاچتى تولۇن ئاي جامال»

— بۇ تېپىشماقنى، — دېدى دادام، — بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئىجات قىلغان. بۇنى تېپىش بەك قىيىنمۇ ئەمەس. مەن ھىلىلا قىلغان ئىشنى ئويلاپ، تېپىشماقنىڭ سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باق.

دادام ئۆي ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى. سىڭلىممۇ ئويلانغاندەك قىياپەتتە ئولتۇ-راتتى، مەنمۇ چوڭقۇر ئويلانماقتا ئىدىم... «تولۇن ئاي نىمىسى؟ ئاي بىرلا ئەمەسمۇ؟ ... كىردى تۇپراققا ھىلال... مۇئەللىم يېڭى چىققان ئاينىڭ تەسۋىرىنى «ھىلال ئاي» دەپ چۈشەندۈرگەندەك قىلىۋىدى... ئاي بۇلۇتنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ يەنە چىقىدۇ... نىمىشقا تۇپراققا كىردى، دېيىلگەندۇ؟...

ئاپاممۇ كىرىپ يېنىمىزدا ئولتۇردى. مېنى قىيىن ئەھۋالدىن بەنىلا دادام قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆزى «ئويلى-ماي» لا ئېيتىپ قويغان بۇ مۇرەككەپ تېپىشماقنى ئاددى سۆزلەر بىلەن مۇنداق يېشىپ بەردى:

— بۇنىڭ جاۋابىنى ھىلى ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى-ئۈچ مىنۇتلۇق بىر ئىشنى ئەسلەپ تاپقىن، دىگەن ئىدىم. مەن ھىلى رەيھانگۈلنىڭ تىرنىقىنى ئالدىم. ئۇنىڭ ئون بارمىقى-نىڭ ئۇچىدىن يېرىم ئاي شەكلىدىكى ئون تىرناقنى ئالدىم. بۇ، «ئون تولۇن ئاينىڭ قاراغىدىن جۇ ئالدىڭ ئون ھىلال» دىگەن بىرىنچى مىسرانىڭ مەنىسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئېلىۋېتىلگەن تىرناق توپىغا كۆمۈلگەندىن كېيىن تىرنىقىڭ تولۇن ئايدەك چىرايلىق بولۇپ قالدى، دىگەن مەنا ئىككىنچى-

چى مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن،— دېدى دادام. مەن قايىل بولغان-لىغىمنى بىلدۈرۈپ سىڭلىمغا كۈلۈپ قاراپ قويدۇم. دادام سۆزنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئۆيگە ياخشى نەتىجە بىلەن قايتىپسەن، بۇ ناھايىتى ياخشى بولغىنى. بۇندىن كېيىن-مۇ ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا تىرىشقىن. سەن بىرىنچى «مۇكاپات» تىن سەل رەنجىپ قالغاندەك تۇرىسەن، ئۇ لەتىپىنى ئېيتىشىم، ھەرگىز سېنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىغىڭغا سوغاق سۇ سەپكىنىم ئەمەس. ياخشى ئىش قىلدىم دەپ ساۋاقداش-لىرىڭ ئالدىدا، سىنىپ يىغىنلىرىدا سۆزلەپ يۈرمە. ياخشى ئىش قىل، بىراق، ماختانغۇچى بولما، ماختانچاقلىق ياخشى ئادەت ئەمەس. ئىككىنچى «مۇكاپات» نى ساڭا تەئەللۇق ئىدى، لېكىن ھەر ئىككىڭلارنىڭ زېھنىنى سىناش ئۈچۈن «مۇكاپات» نى جاۋاپقا قاراپ تەقسىم قىلدىم. سەن بۇنىڭ-دىنمۇ نارازى بولدۇڭ،— دادام سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەن-دە ئاپامغا قارىدى، ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ: «تېپىشماقنىڭ جاۋاۋىنى رەيھانگۈلگە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم» دېدى. بۇ جاۋاپتىن ئۈچىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. لېكىن ئۈچىمىزنىڭ كۈلكىسى ئوخشىمىغان ئاۋازدا جاراڭلىدى...

كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دادام كۆڭلۈمنى يەنىمۇ كۆتىرىپ:

— رەيھانگۈلنىڭ تىرىنىغى سېنىڭ قولۇڭنى جىجاپ قويدى، شۇڭا رەيھانگۈلگە «جازا» بېرىپ، تىرنىقى-نىڭ ئۆسۈپ قالغان قىسمىنى ئېلىۋەتتىم،— دېدى. «جازا» سۆزى ئۆيدە يەنە كۈلكە قوزغىۋەتتى. كۈلكىدىن روھلىنىپ



Altun0q

كەتكەن دادام:

— يەنە بىر تېپىشماق ئېيتىمەن، — بۇنىڭ جاۋابىنى ئاپاڭلار تاپسۇن:

«بىر» دېگىنىم ئىككى تاغ ئۈرۈشتى،
«ئىككى» دېگىنىم يىراق تۇرۇشتى.



— كالپۇك، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاپام، ئۇزاق ئويلانمايلا.

ئاپامنىڭ جاۋابىدىن رازى بولغان دادام خۇشاللىق بىلەن سۆز ئالدى:

— ئەمدى مەن يەنە بىر تېپىشماقنى ئېيتىپ، جاۋابىنى ئۆزەم دەپ بېرەي:

كىچىك ۋاقتىدا تۆت پۇتلۇق،
چوڭ بولغاندا ئىككى پۇتلۇق،
قېرىغاندا ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نېمە؟

دادام گېپىنى تۈگىتىپ بىزگە سوراق نەزىرى بىلەن بىردەم تۇردى-دە، يەنە ئۆزى يەشتى:

— بۇ ئادەمنىڭ بوۋاق، ياشلىق، قېرىلىق دەۋرى. ئادەم قېرىغاندا ھاسىغا چۈشۈپ، ئارمان بار، دەرمان يوق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۆسمۈر ۋاقتىدا كۆپ بىلىم ئىگىلەشى، ياشلىق دەۋرىدە كۆپ ئىشلىشى كېرەك. بولمىسا، قېرىغاندا ھاسىغا چۈشۈپ ئارماندا قالىدۇ.

ھەممىمىز دادامنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتتۇق ۋە روھلىنىپ كەتتۇق.

## ھسام ئاكا باللار ئارىسىدا

### ئوقەت

ھسام ئاكىنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇغۇچى:
— ھسام ئاكا، دادام سىلىنى كىچىك تۇرۇپ ئوقەتچىلىك قىلغان، — دەيدۇ، راستمۇ؟
— راست، تاڭگا ساتقان، — دەيدۇ ھسام ئاكا جاۋاۋەن — بىر كۈنى مەن ساتقان تاڭگانى ھىچكىم ئالمىغاندىن كېيىن ئۆزەم يەۋېلىپ كوچىدىن تېپىۋالغان ئۈچ يۈەن پۇلنى ئاپامغا ئەكىلىپ بەردىم. ئاپام مېنىڭ تاڭگانى بىردەمدىلا تۈگەتىۋەتكىنىمگە ھەيران بولۇپ:
— بالام، تاڭگانى ئەجەپمۇ تېز سېتىپ بولۇپسىنا؟ — دەپ سورىدى. مەن لايىغىدا جاۋاپ قايتۇردۇم. لېكىن ئاپام تاڭگانى ئۆزەم يەۋالغىنىمنى ئۇقۇپ قالدى ـ دە، ماڭا كايىپ ۋاقىردى:
— ھۇ، جوۋاينىمەك، سەن بۇندىن كېيىن يەيدىغان تاڭگا ساتماي، يېگىلى بولمايدىغان كىرسىن سات!

### ھسامنىڭ چۆچىكى

— ئۇكىلىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى ھسام ئاكا ئەتراپىدا



دىكى باللارغا، — بىزنىڭ مەھەللىدە بىر باشلىق بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرلا ئارزۇلۇق بالىسى بار ئىدى، ئۈچ ياشقا كىرىپمۇ ماڭمىدى. بىر كۈنى باشلىق مەندىن: «ھېسام ئاكا، سىلى كۆپنى كۆرگەن، بىر ئېيتىپ باققان بولسىلا، مېنىڭ بالام نېمىشقا ماڭمايدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كەچسىڭىز ماڭىدۇ» دېدىم. باشلىق كايىغان ھالدا: «مېنىڭ ھوقۇقۇم بىلەن بالامنىڭ ماڭمىشماسلىغىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» دەپ تېرىككەندەك قىلدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بار، ئەگەر سىز مەنسەپتىن چۈشسىڭىز بالىڭىزنى كۆتىرىدىغانلار ئازىيىدۇ-دە، ھېچكىم ئەمەس، يۈگۈرۈپ كېتىدۇ» دېدىم.

## ئاچچىق ساۋاق

— ھېسام ئاكا، سىز نېمىشقا ھەمىشە دەلدەڭشىپ ما-

گىسىز، — دەپ سوراپتۇ شوخراق بىر ئوغۇل بالا.

— بۇرۇن مەنمۇ سىزدەك راۋرۇس ماڭاتتىم، لېكىن ئۆيۈم مەكتەپتىن يىراق ئىدى. ئەتىگەندە ئۇخلاپ قېلىپ كېچىكىپ بېرىشتىن قورقۇپ ئاپتوموبىللارغا ئېسىلىۋالاتتىم. بىر كۈنى ئاپتوموبىلغا ئېسىلىپ كېتىۋېتىپ قاتتىق سىلكىنىشتىن كېيىن يىقىلىپ چۈشتۈم، شۇندىن بېرى ھازىرقىدەك ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم، ئاراڭلاردىكى ماڭا ئوخشاش ئاپتوموبىللارغا ئېسىلىدىغان بالىلارغا تەربىيە بېرىڭلار، ماڭا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالمىسۇن!

## ئۇستا ۋىراچ

ھىسام ئاكا بىر كۈنى بالىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان دوستىنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا قاراپ سوراپتۇ:

— دادا ـ بالا ئىككىڭلار ئاغرىقمۇ نېمە؟

— مەن ساق، بالام ئاغرىق.

— دوختۇر دورا بەرگەندۇر؟

— كۆرمەمسەن، بالام قوسىقىم ئاغرىدى دېسە، دوختۇر ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاۋاتىدۇ، بۇنى قانداقمۇ دوختۇر دېگىلى بولسۇن؟

— توغرا، — دېدى ھىسام ئاكا، — ئۇ ھەقىقەتەن ئۇستا دوختۇر ئىكەن، سىزنىڭ بالىڭىز كۆرۈنگەننى يەپ قوساق ئاغرىقى تېپىۋالغاندىكىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاش كېرەك ـ تە!



# ئاخىرقى پەللىدە

(ھېكايە)

مەھەممەت ئابدىرېھىم

شەھىرىمىزدە يېقىن ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى»غا يۈگۈرۈش ماھىرلىرىنى تاللاش پائالىيىتى مەكتىپىمىزدە باشلاندى. يۈگۈرۈش مەيدانىنىڭ ستارتىدىن چىقىش سىزىقىدا يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلار-دىن تەشكىل تاپقان ئون نەچچە ئەزىمەت خۇددى جەڭگە راسلىنىپ چاپچىپ تۇرغان ئارغىماقلاردەك كوماندا بېرىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياڭراق ئاۋا-زىدا بەرگەن كوماندىسى ئاخىرىدا «پاڭ» قىلىپ تاپانچا ئې-تىلدى ـ دە، كىچىك ئەزىمەتلەر پەللىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۇزۇنغا بارمايلا خۇددى باھاردىكى تۇرنىلاردەك غاز قانتى شەكلىگە كەلدى ۋە بارا-بارا بىر يولغا مەركەز-لىشىپ يىپقا تىزىلغان مارجانلاردەك قاتارلاشتى.

ئۇلار تۆت يۈز مېتىرلىق ئايلانما مەيداننى ئىككى قې-تىم ئايلانغاندا، بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىق كۆرۈنەر-لىك ھالدا چوڭىيىشقا باشلىدى. ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋېتىپ بارغان ئىككى نەپەر ساۋاقداش باشقىلاردىن خېلىلا ئۈزۈپ



AltunOq

كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر-بىرسىدىن بىر قەدەمچىلا پەرقلىنىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئىككىسىنىڭ يۈگۈرۈشىدىن چارچاش ئالامىتى سېزىلمەيتتى. ئالدىدا كېتىۋاتقىنى دوغدلاق، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆز، يۈزى يۇمۇلاق كەلگەن جۈرئەت ئىسىملىك بالا بولۇپ، ستارتتىن چىقىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ، ستارتتىن تېز چىقىپ كەتتى-دە، سېكۇنت ئىچىدە ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ۋە شۇ ئۆتۈپ كەتكىنىچە ھېچ كىشىنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى زىلۋا بوي ئاق پېشماق، قارا قاش، قاڭشالىق كەلگەن غالىپ ئىسىملىك بالا ئىدى. ئۇ، ستارتتىن چىقىشتا ئاستىراق، لېكىن تېز ۋە بىر خىل سۈرئەت بىلەن يۈگۈرۈشكە ماھىر ئىدى. غالىپ ستارتتىن چىققاندىن باشلاپ ئوندىن ئارتۇق ساۋاقدىشىنى بىر-بىرلەپ ئارقىدا قالدۇرۇپ جۈرئەتكە يېتىشىۋالدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن سۈرئەت تالىشىشقا باشلىدى. بۇ كۆرۈنۈش مەيداننى چۆرىدەپ تۇرغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە مەدەت بېرىشكە تۈرتكە بولدى:

— جۈرئەت! غەيرەت قىل! غەيرەت قىل!

— غالىپ! غەيرەت قىل! غەيرەت ..

توپلىشىپ تۇرغانلار راسا ۋاقىرىشىۋاتقاندا، مەيداننىڭ بىر چېتىدە تۇرغان ئىككى ساۋاقداش گەپ تالىشىۋاتاتتى:

— ياق، جۈرئەت بىرىنچى بولىدۇ! — دەيتتى بىرى.

— غالىپنىڭ تېزلىكىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دېدى يەنە بىرى، — قاراپ تۇر، غالىپ جەزمەن ئۆتۈپ چىقىدۇ.

— جۈرئەت يامان، ئۆتكەندىمۇ...

— ھىم، ئۆتكەندە ئۇ غالىپقا پۇت قويۇپ يىقىتىۋېتىپ بىرىنچى بولۇۋالغان...

دەل شۇ چاغدا غالىپ بىلەن جۈرئەت بۇ سۆز تالى-

شۇئاتقانلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغان ئىدى. جۇرئەتنىڭ قۇلىقىغا «ئۆتكەندە ئۇ ئالىپقا پۇت قويۇپ يىقىتىۋېتىپ بىرىنچى بولۇۋالغان» دېگەن سۆز كىرىپ قالدى-دە، كاللىسىدا ئۆتكەنكى ئىش ئايان بولدى:

ئۆتكەنكى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە «يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تۈرى بويىچە بولغان مۇسابىقىدا خۇددى بۈگۈنكىدەكلا ئەھۋال شەكىللەنگەن ئىدى: جۇرئەت ھەرقانچە كۈچەپ يۈگۈرسىمۇ، مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندا غالىپ يېتىشىۋالدى. جۇرئەت سەل بىخەستەلىك قىلسىلا غالىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ كۆرگۈچىلەرگە سەزدۇرمەي ھىيلە ئىشلەتتى — غالىپ قاياندىن يانداپ ئۆتمەكچى بولسا، شۇ يانغا قەدىمىنى يۆتكەپ يول بەرمەيتتى. غالىپمۇ بوش كەلمەي ھە دېگەندىلا ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ كېتىشكە ئىنتىلەتتى. ئاخىرقى پەللىگە يۈز مېتىرچە ئارىلىق قالغان ئىدى. غالىپ جۇرئەت بىلەن پاراللېل بولۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە جۇرئەت جىددىي ئامال تاپمىسا، غالىپتىن ئارقىدا قالىدىغانلىقىنى سەزدى-دە، ئۇستىلىق بىلەن غالىپنىڭ سول پۇتىنىڭ ئۇچىغا دەسسىۋەتتى. غالىپ دەلدەڭشىپ يىقىلدى — ھەتتا بىرنەچچە يۇمىلۇنۇپمۇ كەتتى... جۇرئەت «بىرىنچى» بولۇپ ئاخىرقى پەللىگە يەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «ھېچكىم سەزمىدى، ئەمدى



ھەممە كىشى مېنى تەبرىكلەيدۇغۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئەتراپتا «پۇت قويۇپ يىقىتىۋەتتى! پۇت قويۇپ يىقىتىۋەتتى!» دېگەن چۇقان كۆتىرىلدى.

جۇرئەت ئاخىرقى پەللىگە يەتكەندىن كېيىن غالىپ يىقىلغان يەرگە قارىدى. تەنتەربىيە مۇئەللىمى غالىپنى يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ غالىپنىڭ يېنىغا بارماقچى، ھەتتا ئەپۇ سورىماقچى بولدى، لېكىن نېمە دەپ ئەپۇ سورايدۇ؟ «پۇتۇم تېيىلىپ كەتتى، خاپا بولما ئاداش، دەمدۇ؟... «بىرىنچى» لىكچۇ؟...»

دېگەن ئوي بىلەن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى. سىنىپقا جۇرئەتنىڭ مۇئەللىمى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل نارازىلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. جۇرئەت مۇئەللىمنى كۆرۈش بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوقۇتقۇچى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇنا ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك يەرگە قارىۋەددى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى مۇئەللىم پەس ئاۋازدا، — نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچ...

— غالىپ نېمە بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى؟

— ... ...

— ئۇكام جۇرئەت، ياخشى ئىش قىلماپسىز، غالىپنىڭ پۇتىغا دەسسىۋەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — دېدى جۇرئەت بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — سىنىپىمىزنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن...

— سىنىپىمىزنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن!؟ — دېدى مۇئەللىم بىر ئاز تېرىككەن ھالدا، — سىنىپىمىزنىڭ نەتىجىسى

ئۇچۇن باشقىلارغا زىيان سېلىش كېرەكمۇ؟
جۇرئەت ئۇنى چىقارماي يەرگە قاراپ تۇراتتى. مۇئەل-لىم سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ئۇكام جۇرئەت، بىز نەتىجىنى باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئەمەس، ھەقىقىي تۇردە قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.
جۇرئەت ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ «غەيرەت قىلىڭلار، ئاخىرقى ئايلان-ما!» دىگەن ياڭراق ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ تېخىمۇ تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. غالىپمۇ بار كۈچىنى ئىشقا سالدى. قىش سوغىقىنىڭ قانچىلىك قاتتىق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرىدىن ھور كۆتىرىلەتتى. ماڭلىيىدا سىماپتەك تەر ئۇنچىلىرى يالتىرايتتى. ئۇزۇن ئۆتـ-مەي غالىپ چەبدەسلىك بىلەن ئوقتەك تەرەپتىن ياندىن ئال-دىغا ئۆتۈپ كەتتى-دە، شامالدەك سۈرئەت بىلەن پەللىگە قاراپ كەتتى. جۇرئەتمۇ قىلچە بوشاشماستىن ئىز قوغلاپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئۆز دوستىنىڭ غەيرىتى ۋە ماھارىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدى ھەم كۆڭلىدە ئاپىـ-رىن ئوقۇدى.
كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بۇ دوستلار ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ كەلدى-دە، غالىپ بىرىنچى بولۇپ كۆكرىكى بىلەن يىپنى ئۈزدى. ئارقىسىدىن جۇرئەت ئىككىنچى بولۇپ پەللە سىزىقىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. ھەر ئىككى دوست خۇشاللىقتىن بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىماقتا ئىدى...

# قاشتېشى

ئابدۇقادىر يۈنۈس

«ئەي گۈزەل قاشتېشى، نىمىشقىدۇر سەندىن كۆزۈمنى ئالالمايمەن، قاراپ - قاراپ ھۆسنۈڭگە تويمايمەن، دىقسىپ - بېقىپ مېھرىڭگە قانمايمەن، ...... سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قارىقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا!»*

قاشتېشى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلىتىش تارىخى ئۇزۇن مەدەنىي مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. خوتەن مەملىكىتىمىز بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن قاشتېشى قېزىلغان جاي. لوپنۇردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمقى يادىكارلىقلار ئارقىلىق قاشتېشىنىڭ تاش قورال دەۋرىدە ئىشلىتىشكە باشلانغانلىقى ئېنىقلاندى. تاش قورال دەۋرى ئىنسانلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرى بولۇپ، ئۇ چاغلاردىكى ئەمگەك قوراللىرى تاشتىن ياسالاتتى. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان خارابىلەر ۋە تارىخي قەۋرىلەردىن نۇرغۇنلىغان قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلدى. تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا،

* بۇ ئۈزۈندە يازغۇچى ئا.ت. ئۆتكۈرنىڭ «قاشتېشى» ناملىق نەسرىدىن ئېلىندى.



AltunOq

بۇ قاشتاشلىرى ئەينى ۋاقىتلاردا ئاساسەن شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغان.

مېنىڭ دەۋردە ياشىغان سۇڭ يىڭشىڭ ئىچكىرىدىكى «قاشتېشىنىڭ ئىسمىلىرى خوتەندىن ئېلىپ كېلىنگەن» دەپ يازغان. كوئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى چارقىلىق، نىيە، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىمۇ تاش قورال دەۋرىنىڭ تاش قوراللىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قاشتېشىدىن ياسالغان.

قاشتېشىنىڭ رەڭگى قەدىمدىن بۇيان ئۇنىڭ سۈپىتىنى باھالاشتىكى ئۆلچەم بولۇپ كەلدى. قەدىمقى زاماندا قاشتېشى رەڭگىگە قاراپ تۈرلەرگە ئايرىلاتتى، بۈگۈنكى ھۈنەر - سەنئەت تارماقلىرىمۇ خېۋددى بۇرۇنقىدەكلا قاشتېشىنىڭ رەڭگىگە قاراپ تۈرلەرگە ئايرىيدۇ — ئاق، سېرىق، كۆك، سۈسۈن، قارا رەڭلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق قاشتېشى ئەڭ ئەتىۋارلىق. ئۇنىڭدىن قالسىلا سېرىق قاشتېشى تۇرىدۇ.

ساپ ھالىدىكى خوتەن قاشتېشى ناھايىتى چىدامىلىق، ئىنتايىن قاتتىق كېلىدۇ. ئەگەر قاشتېشىدىن ياسالغان دۈگىلەك شارچىنى ئوخشاش چوڭلۇقتىكى پولات شارچە بىلەن بىر يەردە قويۇپ، ئوخشاش بېسىم كۈچى بىلەن باسساق، پولات شارچىسى يېرىلىپ كېتىدۇ، قاشتېشى شارچىسى ئەينەن تۇرىدۇ.

ئەلا سۈپەتلىك بىر كىلوگىرام قاشتېشىدىن ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى 1250 ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدۇ. بۇ پۇلغا 42 توننا خىمىيىلىك ئوغۇت سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر كىچىككىنە بىر پارچە خوتەن قاشتېشىغا چىرايلىق گۈللەر ئويۇلۇپ ئېكسپورت قىلىنسا، ئۇنىڭ باھاسى 88 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. بۇ 5 مىڭدىن كۆپ ۋەلسىپىت ئېكسپورت قىلغانغا تەڭ.

ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى 17 ئۆلكە ـ شەھەرنىڭ قاشتېشى ئويمىكارلىق كارخانىلىرى خوتەنگە كېلىپ قاشتېشى دوگۋار قىلىشماقتا.

چەنلۇڭ يىللىرىدا (1770 ـ يىللار) كۈئېنلۇن تاغلىرىدىن 5 توننا 350 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى بىر قاشتېشىنى بېيجىڭغا يۆتكەش ئۈچۈن بىرقانچە يۈزلىگەن ئات ۋە مىڭلىغان ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ 3 يىلدا 8 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ يۆتكەپ بارغان، ئۇنى نەققاشلاپ ئويۇپ چىقىش ئۈچۈن ئويمىچىلىق يۇرتى ياڭجۇغا يۆتكىگەن. ئۇ يەردە يۈزگە يېقىن ئويمىكار «دايۈنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» ناملىق ئويمىنى ئالتە يىلدا ئويۇپ چىقارغاندىن كېيىن 1786 ـ يىلى بېيجىڭغا يۆتكىگەن. ھازىر بۇ بېيجىڭدىكى گۇگۇڭنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

مىلادى 1789 ـ يىلى يەركەنت بېگى يۈسۈپ ئۈچ پارچە ئالاھىدە چوڭ قاشتېشىنى قازدۇرغان، بۇ ئۈچ قاشتېشىنىڭ ئومۇمى ئېغىرلىقى 13.2 توننا كەلگەن.

يۇرتىمىز قاشتېشىغا باي رايونلارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ كۈئېنلۇن قاشتېشى دۇنياغا مەشھۇر. لى شىجېن ئۆزىنىڭ «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» دىگەن كىتابىدا «... ھەرقايسى جايلارنىڭ قاشتاشلىرى تاغلاردا بولىدۇ، خوتەن قاشتېشى دەريالاردا بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن

كۇئېنلۇن قاشتېشىنىڭ تاشقى تەسىر تۈپەيلىدىن خوتەن دەريالىرىغا ئېقىپ چۈشكەنلىگىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەركەنت دەرياسى، خوتەن دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى ۋە باشقا كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان دەريالار قەدىمدىن بۇيان قاشتېشى قېزىلىۋاتقان دەريالاردىن بولۇپ، هازىرغىچە ئۇلارنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىنلىرىدىن قاشتېشى ئېلىنماقتا. خوتەن تارىختىن بۇيان مەشهۇر قاشتېشى چىقىدىغان جايلاردىندۇر.

قاشتېشى كۇئېنلۇن تاغلىرىدا بولۇپلا قالماي، تەڭرى تېغىدىنمۇ چىقىدۇ. «تاغ - دەريالار قامۇسى» دىگەن كىتاپتا: «تەڭرى تاغلىرىدىن ئالتۇن، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىز قاشتېشى كۆپ چىقىدىغان جاي بولۇپ، قاشتېشى ماكانى نامى بىلەنمۇ دۇنياغا تونۇلماقتا.

## سايرام كۆلى

غولجىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان كىشىلەر دۇنياغا مەشهۇر تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارچا - قارىغايلار، ياۋا ئالما - ئۆرۈكلەر ۋە ئۇلارنىڭ گۈل - چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن داۋلىق ئىلى هەسەلى ماكانى — كەڭ سايدىن ئۆتىدۇ. كەڭ سايدىن بارا - بارا يۇقۇرى ئۆرلەپ بارىدىغان ئىلان باغرى يول بىلەن يۈرۈپ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندا ئۇ يېقى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ، تىنىمسىز چايقىلىپ تۇرغان سۈپ - سۈزۈك سايرام كۆلىنى كۆرىدۇ.

سايرام كۆلىنىڭ كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2 مىڭ 70 مېتىر ئېگىزدە تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردا قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ تاغ ئېتەكلىرىدە پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ تاغ گۈللىرى چاقناپ تۇرىدىغان خوتەن گىلەملىرىنى ئەسلىتىدۇ.

سايرام كۆلىنىڭ تاش يول بېكىتىگە يېقىن يېرىدا ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر كېلىدىغان تاش ئارىلى بار. كۆل بويلىرىدا تاغ لەيلىسى، بېيمو، داڭسىڭ، ئەگىلىك ئوت قاتارلىق ئېسىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. كۆلنى قورشاپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردا بۇغا، يولۋاس، ئىلبىس، تۈلكە، تاغ ئۆچكىسى، قارا قۇيرۇق، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار ياشايدۇ. تاغ باغرىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچى-لارنىڭ قوي، كالا پادىلىرى، ئىلى ئاتلىرى ئوتلايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بولغاچقا ياپ-يېشىل ۋە چۆپلەر، رەڭمۇ-رەڭ گۈل-چېچەكلەر پۈتۈن ئەتراپنى بېزەپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى 6-ئاي باشلىرىدىلا توپ-توپ سېرىق ئۆدەك-لەر، ھەر خىل سۇ قۇشلىرى سايرامغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ-دە، كۆل يۈزىدە ئۈزۈپ ئوينىشىدۇ.

سايرام كۆلىگە شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستې-مىسىنىڭ بىر مىليونغا يېقىن بېلىقلىرى قويۇپ بېرىلىپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلدى — ئۇ بېلىقلارنىڭ بىر يىلدىلا ئون سانتىمېتىرچە ئۆسكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇڭا سايرام كۆلى كەلگۈسىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ زور بېلىق-چىلىق مەيدانلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

سودا-سانائەت تارماقلىرى سايرام بويىدا ھەر يىل

# ئۈستەل سائىتى

## ئەسقەرجان ئەيسا

(ئۈرۈمچى تۆمۈريول 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

دادام بىزگە يېقىندىلا بىر ئۈستەل سائىتى ئېلىپ بەردى. ئۇنى بىز ئادەتتە مېھمانخانىمىزدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويىمىز. ئۇ سائەت يۇپيۇمىلاق بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم: سىرتقى قاپچۇغى ئالتۇندەك ساپ-سېرىق، ئىچى يېشىل، رەقەملىرى ئاق. سائەت ۋە مىنۇتنى كۆرسەتكۈچى ئىككى ئىسترېلكىسى سېرىق، سېكۇنتنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكى-

---

ياز ئايلىرىدا يەرمەنكە ئاچىدۇ. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن چارۋىچىلار، سودىگەرلەر بىلەن گۈزەل سايرام بويىي ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، كىشىلەر مال ئالماشتۇرۇشىدۇ، سەيلە قىلىشىدۇ...

سايرام كۆلى قاتناش قولاي، تەبىئىي شارائىتى ئوبدان، مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كەلگۈسىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچى مېھمانلار سەيلە قىلىدىغان سەيلىگاھلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغۇسى.



Altun0q

سى بولسا قىزىل.

بۇ سائەت كىچەيۈ-كۈندۈز توختىماي چىكىلداپ ماڭدۇ. توغرا، ئۇنىڭ ئىسترىلكىسى بىلەن رەقەملىرىگە پوسپۇر يالىتىلغان بولۇپ، سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى قاپقاراڭغۇدىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

دادام بىزگە ئۇ سائەتنى ئېلىپ بەرگەندىن بۇيان، مەكتەپكە كېچىكمىدىغان، تاپشۇرۇقلىرىمنى ۋاقتىدا ئىشلىمەي تەنقىتكە ئۇچرايدىغان ناچار ئىللەتلىرىمنى تۈزەتتىم. چۈنكى ئۇ سائەت، ھەر كۈنى ئەتىگەندە جىرىڭلاپ مېنى ئويغىتىدۇ. كىيىملىرىمنى رەتلىك كىيىپ، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇشقا، چېيىمنى ئىچىشكە ئاندىن مەكتەپكە مېڭىشقا ھەيدەكچى بولىدۇ.

چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ تاپشۇرۇقلىرىمنى ۋاقتىدا ئىشلەشكە، كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى مۇزاكىرە قىلىشىمدا يەنە شۇ سائەت ماڭا بەك ئوبدان ئەسقاتىدۇ...

ئەي شىرە سائىتى، سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇمسەن: سەن مېنىڭ كۈندىلىك ئۆگىنىش، دەم ئېلىش ۋاقتىمنى توغرا كۆرسىتىپ، ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشىمغا ھەسسە قوشۇۋاتىسەن! سېنىڭ توختىماي ماڭىدىغانلىقىڭچۇ؟...

ئەي شىرە سائىتى! بۇندىن كېيىن مەنمۇ سەندەك توختىماي ئالغا باسىمەن، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ يارامliق ئىزباسارلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن دائىم تىرىشىپ ئۆگىنىمەن...

# قىزغانچۇق

## چياۋجۈن

(خېنەن ئۆلكىسى لىڭباۋ ناھىيىلىك تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

بۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىزنىڭ سىنىپقا باشقا مەكتەپتىن شياۋپې ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ، بويى مەن بىلەن تەڭ، قىرقىم چاچلىق، يۈزى يۇپ ـ يۇمىلاق، بۇدرۇقىنا ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئېتىك، روھلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۈلۈشى بىلەنلا ئىككى زاڭغىدا كىشىنىڭ مەسلىگى كەلگۈدەك زىناق پەيدا بولاتتى. سىنىپ مۇدىرى ئۇنى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى، مەن ئۇنىڭ كىتاپ ـ دەپتەرلەر بىلەن تومپىيىپ كەتكەن سومكىسىنى ئېچىپ باقتىم. ئۇنىڭ سومكىسىدا دەرسلىك كىتاپ، تاپشۇرۇق دەپتەر، قەلەم قۇتىسىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە پارچە بالىلارغا ئائىت ھېكايە كىتاپلار بار ئىكەن. كۆزۈم ئەڭ ئاۋال «مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرى توپلىمى» ناملىق كىتاپقا

چۈشتى ـ دە، ئۇنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ، شۇ ھامانلا: «ئۇنىڭغا تەگمە!» دېدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ گېپىنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم ۋە مىيىغىمدا كۈلۈپ: «شۇنچە جىق كىتاۋنىڭ تۇرۇپ بۇنچە قىپكەتمە، ماڭا بۇنى بېرىپ تۇر، ئوقۇۋالاي» دېدىم. «ياق! — دېدى ئۇ، — بۇ تاپتا بەرمەيمەن، دەرستىن چۈشكەندە بىر گەپ بولار» «ۋاي ـ ۋۇي، گېپىنىڭ يوغانلىقىنى!... — دەيتتىم ئىچىمدە، — بەرمىسەڭ بەرمە، مەن ھەرگىزمۇ سەندەك قىزغانچۇق ئەمەسكە ئېگىلمەسمەن: قاراپتۇر، سېنىڭ مەندىن بىرەر نەرسە تىلىمىگىنىڭنى كۆرەي!...»

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ شىاۋپونى قىزغانچۇق ئىمكەن دەپ قاراپ ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈك ئارىلاشمايدىغان بولدۇم. بىراق «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتىمەن» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟

تۈنۈگۈن يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، بازارغا چىقتىم، كوچىدا ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئۈياقتىن ـ بۇياققا گۈكىرەپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئۈزمەي بېرىۋاتقان سىگنالىرى، نەرسە ـ كېرەك ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋاقىراشلىرى بازار ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى... مەن كىشىلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ يۈرۈپ شېكەر قومۇشى سېتىۋاتقان بىر يايمىچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدىم. قېنىق جىگەررەڭ شېكەر قومۇشلىرى كۆزۈمگە شۇنداق كاتتا كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، مەن شېكەر قومۇشىغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم، ئاغزىمغا سېرىق سۇ تولغان ھالدا شېكەر قومۇشىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم ـ دە، يانچۇقۇمغا قول ئۇزاتتىم. لېكىن يېنىمدا بىر تىيىننىڭ

سۇنۇغىمۇ يوق ئىدى. مەن ئىچىمدە: «بوپتۇ خەير، شېكەر قومۇشى يېيىش ماڭا نېسىپ بولماپتۇ، ئاستا كېتەي» دەپ تۇرۇشۇمغا، شياۋپونىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— شياۋجۈن، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شياۋپو، قارىغىنە بۇ شېكەر قومۇشلىرىغا، ئاجايىپ ياخشىكەن، بىرەر-يېرىم تال ئېلىپ يەپ باقمايلىمۇ، يېنىڭدا پۇل بارمۇ؟ — دېدىم مەن.

يېنىمدا ئەللىك تىيىن بار، لېكىن مەن بۇنى ئالمايمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۆتكەنكى ئىش ئېسىمگە كەلدى-دە، ئۇنى ھەم قىزغانچۇق، ھەم پىخسىق بىر نېمە ئىكەن، دەپ كەتمەكچى بولدۇم. ئۇ، چاپىنىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— شياۋجۈن توختىغىنە، ئىككىمىز بىللە كىتاپخانىغا بارايلىچۇ، — دېدى.

مەن، بۇنداق قىزغانچۇق، پىخسىق بىلەنمۇ بىر يەرگە بارامدىمەن، دېگەن ئويدا يۇلقۇنۇپلا ماڭماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇ قولۇمغا ئېسىلىۋالدى ۋە:

— شياۋجۈن، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن ئاداش، بەتخەش-لىك قىلساق بولمايدۇ! — دېدى.

— پاھ، كىشىگە نەسھەت قىلىپ كەتكىنىنى! ماڭا ئەپسۇن ئوقۇماي قوي! قىزغانچۇق پىخسىق!... — دېدىم-دە، ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ كېتىپ قالدىم.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، قولىدا بىر پارچە كىتاپ تۇتقان شياۋپو

بىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا قارىمايلا قويايى دېگەن نىيەتكە كەلگەن بولسامۇ، بىراق ئۇ ئۆيگە كىرىپ بولغاچقا يەنىلا ئۇچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدىم.

— شياۋجۈن، — دېدى ئۇ، خۇددى مۇئەللىمدەك ۋەزمىن تەلەپپۇزدا، — ئاردىمىزدىكى سوغاقچىلىق مەسىلىسىدە مەن ئەيىپلىك، چۈنكى مەن مەسىلىنى ساڭا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ دېمىدىم. سەن مەندىن خاپا بولما، مېنى باشقىچە ئويلاپمۇ قالما. بەلكى مەن ساڭا قىزغانچۇق بولۇپ تۇيۇلغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما مەن قىزغانچۇقلاردىن ئەمەس، بىز مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئېسىمىزدە ئوبدان تۇتۇشىمىز، ئەمەلىيىتىمىزدە ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ئۆتكەن كۈنى سەن مۇزاكىرە ۋاقتىدا ھېكايە كىتاۋىمنى كۆرمەكچى بولدۇڭ، مەن بەرمىدىم. چۈنكى دەرس ۋاقتىدا ھېكايە ئوقۇش توغرا ئەمەس. بۈگۈن كوچىدا شېكەر قومۇشى ئېلىپ يەيلى، دېدىڭ. بىز ھېلىتىنلا بازاردا كۆزىمىزگە كۆرۈنگەننى ئېلىپ يەپ يۈرسەك بولامدۇ؟ ھازىر بىزگە ئەڭ مۇھىمى كۆپرەك بىلىم ئىگەللەش. بىلىملىك بولغىنىمىزدىلا ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمىز. مەن مانا ماۋۇ «جاڭ خېيدى ھەققىدە ھېكايە»نى ھېلىلا سېتىۋالدىم، بۇنى ساڭا سوغا قىلاي!

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كىتاپقا تەلپۈنگەن ھالدا كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. ئۇ ئەسلىدە ھەرگىزمۇ قىزغانچۇق بالا ئەمەسكەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىملاپ تۇتتۇم-دە:

— شياۋپو، سېنى خاتا چۈشىنىپتىمەن، مېنى كەچۈر! — دېدىم.

خەنزۇچىدىن: ھوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى

# زەھەرلىك يىلان بىلەن ئېلىشىش

پۇختا ئىشلەنگەن قەپەزدىكى زەھەرلىك يىلان ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك كاللىسىنى ئىگىز كۆتىرىپ، ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، قەپەز يېنىدىكى ياش يىگىتكە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. يىگىت قىلچە ھودۇقماستىن قەپەز ئىشىگىنى ئاچتى. زەھەرلىك يىلان بېشىنى چىقىرىپ، يىگىتنىڭ بىلىكىنى چېقىۋالدى...

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى جى دېشېڭ. ئۇ 1901 - يىلى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سىياڭ ناھىيىسىدە، ئەجدادلىرىدىن بۇيان يىلاننىڭ چېقىشىدىن ھاسىل بولغان يارىنى داۋالاش بىلەن بولۇپ كەلگەن بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئائىلىسى ناھايىتى نامرات بولغانلىقتىن، ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ئاتا-ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق



مىراس قالمىغان. ئۇنىڭغا قالغان بىردىن-بىر نەرسە يىلان يارىسىنى داۋالاش توغرىسىدىكى رېتسېپ بولغان. ئەمما، بۇ رېتسېپ ئۈچۈن ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرى لازىم ئىكەن، لازىم بولۇپمۇ ناھايىتى كۆپ لازىم ئىكەن، ئاندىن دورىلارنىڭ مىقدارى مۇقىم ئەمەس ئىكەن، ئىشلىتىشمۇ ئەپسىز ئىكەن. جى دېشىڭ ئاددىي، مۇقىم، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئۈنۈملۈك بىر خىل رېتسېپ تېپىشقا بەل باغلاپتۇ. شۇنداق رېتسېپ تېپىپ چىققاندا دورا يىغىش ۋە دورا ياساش جەريانىنى كۆپ دەرىجىدە قىسقارتىپ، تەننەرقىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىدىن قالغان رېتسېپتىكى ھەر خىل دورىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپتۇ، دورىلارنى تاللاپتۇ. يەككە ئىشلىتىلىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يىلان يارىسىنى ساقايتىشتىكى ئۈنۈمىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جى دېشىڭنىڭ تەتقىقاتى بىلەنمۇ كارى بولماپتۇ، ئۇنى قوللىماپتۇ. جى دېشىڭنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بارغۇدەك شارائىت يوق ئىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ باشقا ئامال بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا قايتا-قايتا چاقتۇرۇپ، داۋالاپتۇ. بىر-نەچچە رەت دورىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولماي، جى دېشىڭ ئۆلۈپ قالغىلى تاس-تاماس قاپتۇ. ئەمما جى دېشىڭ نىيىتىدىن يانماپتۇ. تەجرىبە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىر نەچچە يۈز قېتىم ئۆز بەدىنىدە تەجرىبە قىلىش

ئارقىلىق ئاخىرى ياسىلىشى بىرقەدەر ئاددى، ئۇنۇمى ئالاھىدە ياخشى بولغان رېتسىپ پەيدا قىلىپتۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يىلان چېقىۋالغان نۇرغۇن پۇخرالارنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. خەلق ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭ دورىسىنى «جى دېشېڭنىڭ يىلان دورىسى» دەپ ئاتاپتۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ رېتسىپىنى مەردانىلىق بىلەن دۆلەتكە تەقدىم قىلدى.

## پىيداكارنىڭ زەپەر مارشى

1898 - يىلى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىرازىلىيەدە بىر خىل قىرقۇنچىلىق «سېرىق قىزىتما كېسىلى» تارقالغان. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ دەسلەپ بېشى قايغان، ئارقىدىنلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن، پۈتۈن بەدىنى سارغايغان، ئاقىۋەتتە چىدىغۇسىز ئازاپ ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. كىشىلەر بۇ خىل كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلەلمىگەچكە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئامالىنىمۇ تاپالمىغان. سېرىق قىزىتما كېسىلى خۇددى ۋابا ئۇلاھىدەك پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كەتكەن، كىشىلەر ئۇنى تىلغا ئالسىلا بەزگەكتەك جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن.

ئازاپتا قالغان بىرازىلىيە خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن لازىل ئىسىملىك بىر دوختۇر ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ ناھايىتى يىراق ئۆزگە ئەلدىن كېسەللىك تارقالغان رايونغا كەلگەن. بولار پەژ - پەژ ئىسسىققا قارىماي بۇ رايوننىڭ تەبىئى مۇھىتى، ئائىلىلار-

نىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن. ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالمىغان.

جاپالىق تۇرمۇش، چىدىغۇسىز ئىسسىق ۋە كېسەل تەھدىتى تۈپەيلى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى بەزىلەر تەۋرىنىپ مەملىكەتكە قايتماقچى بولغان. لازىل بۇنداق ھەركەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مەجلىستە قىيىنچىلىق ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىش — ئىلمىي خادىم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نومۇس، دەپ كەسكىن كۆرسەتكەن.

دوختۇر لازىل سېرىق قىزىتما كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، سۆھبەتلەشكەن، كېسەلدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەستايىدىل كۆزەتكەن. ئاقىۋەت ئۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ھادىسىنى — بۇ رايوندا بىر خىل پاشا بولۇپ، شۇ خىل پاشا چاققان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سېرىق قىزىتما كېسىلى بولغانلىقىنى بايقىغان.

لازىل «ئاشۇ پاشىدا سېرىق قىزىتما كېسىلىنى تارقىتىدىغان كېسەللىك قوزغاتقۇچىلار بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان. ئەمما، ئۇ شۇ خىل پاشىنىڭ شۆلگىيىنى مىكروسكوپتا تەكشۈرگەندە ئۇنداق كېسەللىك قوزغاتقۇچى بارلىقىنى سېزەلمىگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، سېرىق قىزىتما كېسىلىنى تارقىتىدىغان نەرسە ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، شۇ ۋاقىتتىكى مىكروسكوپلار ئۇنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، دوختۇر لازىل بۇ بىر ئەھۋالنى ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا دوكلات قىلغان.



ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر ئىشەنمىگەن. باتۇر دوختۇر لازىل ھەقىقەتنى كۆپچىلىككە تونۇش، كېسەللىك رايونىدىكى خەلقنىڭ ئازاپتىن بۇرۇنراق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا سېرىق قىزىتما كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنى چاققان پاشىنى ئەپكىلىپ ئۆزىنى چاقتۇرغان، نەتىجىدە بۇ سېرىق قىزىتما كېسىلى بولغان.

دوختۇر لازىل ئۆزىنىڭ باتۇرانە ھەركىتى ئارقىلىق سېرىق قىزىتما كېسىلىنى پاشىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان بىر خىل ۋىرۇس (كېسەللىك قوزغاتقۇچى) نىڭ تارقىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىختىراسىغا ئاساسەن پاشىنى يوقىتىپ بۇ خىل كېسەللىكنى تىزگىنلىگەن. بەختكە قارشى، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي دوختۇر لازىل سېرىق قىزىتما كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆز ھاياتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پىداكارنىڭ زەپەر مارشىنى يېزىپ، كېيىنكى ئىلمىي خادىملارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلانغان.

خەنزۇچىدىن ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

## تۇزدىن پايدىلىنىپ...

△ تېرىگە قايناقسۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ قاتتىق ئېچىشقاندا، بىر ئاز تۇز سۈركەپ قويساق ئاغرىق پەسىيىدۇ.

△ ناخشا ئېيتىشتىن بۇرۇن بىر ئاز تۇزلۇق سۇ ئىچىۋەتسە، گال قۇرۇپ كېتىش ياكى ئۈن پۈتۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

△ چېقىلىپ كەتكەن تۇخۇمنى تۇزلۇقراق سۇدا پىشۇرغاندا، تۇخۇمنىڭ ئېقى سىرتقا چىقىپ كەتمەيدۇ.

△ شۇلتا سۈيىگە بىر ئاز تۇز سېلىۋەتسە كىيىمدىكى ماي داغلىرىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

## مۇز ئىچىدىكى باكتېرىيە

ئىلىم - پەن خادىملىرى مۇزنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بەزى باكتېرىيە (مىكروپ) لەرنىڭ نۆلدىن تۆۋەن 7، 8 گىرادۇسلۇق سوغاق تېمپېراتۇرىدىمۇ يۈز يىل ھەتتا مىڭ يىلغىچە ياشاۋېرىدىغانلىقىنى بايقىغان. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بەزى ۋىرۇسلار (ئۇششاق مىكروپلار) نۆلدىن تۆۋەن 253 گىرادۇسلۇق سوغاق تېمپېراتۇرىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن.

# ئاجايىپ تىللار

△ هايۋاناتلارنىڭ تىللىرى خىلمۇ - خىل بولىدۇ.

پاقا تېرىك هاشاراتلارنى كۆرگەندە دەرهاللا تىلىنى چىقىرىپ هاشارەتنى تىلىغا يېپىشتۇرۇپ تۇتۇۋالايدۇ.

△ تۆمۈر تۇمشۇق (دۇمباقچى) نىڭ تىلى ئىنچىكە هەم ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچى تەرىپىدە يانىڭ ئوقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىسقا ئىلمەك بار. شۇڭا ئۇ، دەرەخ تۆشۈكىدىكى قۇرۇت - هاشارەتلەرنى ئوڭاي چىقىرىپ يېيەلەيدۇ.

△ زىراپىنىڭ تىلى ئۇزۇن هەم يۇمشاق بولغاچقا، دەرەخنىڭ يوپۇرماق ۋە يۇمران نوتىلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يۆمەللىۋېلىپ ئاغزىغا سالىدۇ.

△ مۈشۈكنىڭ تىلىنىڭ سىرتى ئىگەكىكە ئوخشاش يىرىك بولۇپ، سۆڭەكتىكى گۆشلەرنى ئاسانلا شىلىپ چىقىرالايدۇ.

# ئەگەر قۇياش بولمىسا



بۇ، قۇياشنىڭ مۇهىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر پارچە رەسىم. ئۆسۈملۈكلەر قۇياش نۇرىغا، سۇغا ۋە هاۋادىكى كاربون تۆت ئوكسىدىغا تايىنىپ

ھايات كەچۈرىدۇ، ھايۋاناتلار ئۆسۈملۈكلەرنى يېيىشكە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ؛ ئىنسانلارمۇ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يېيىشكە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يەر شارىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن قۇياش بولمىسا بولمايدۇ.

ئەگەر قۇياش بولمىسىچۇ؟

قۇياش بولمىسا، يەر شارى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. قۇياش بولمىسا، يەر شارى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، جاھان كېچە ـ كۈندۈز قاراڭغۇلۇققا چۆمىدۇ، يەر شارى ناھايىتى تېزلىك بىلەن سوۋۇيدۇ، ھاۋادا تۆت پەسىل ئۆزگىرىشى بولمايدۇ، جانلىقلارمۇ يوقىلىدۇ. قۇياش بولمىسا، يەر شارى قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆز ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ، بىشى قايغان يەردە لەيلەپ يۈرىدۇ.

## ئەگەر ھاۋا بولمىغان بولسا

كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولمايدىغان ھاۋا بىز ئىنسانلار ئۈچۈن سۇ ۋە ئوزۇقلۇقتىنمۇ مۇھىم. ئادەم ئاش ـ نان يېمەيمۇ بىر ـ ئىككى ھەپتە ياشىيالايدۇ، ئەمما ھاۋا يوق بولسا ئاران نەچچە مىنۇتلا ياشىيالايدۇ. يەر شارىدىكى بارلىق جانلىقلار ھاۋاسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

ھاۋا بولمىسا يەر ـ زېمىننى سۈر بېسىپ پۈتۈنلەي جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. تاۋۇش ھاۋا ئارقىلىق تارالغاچقا، ھاۋاسىز ھېچقانداق شەپىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. شامال ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق شەكىللەنگەچكە، ھاۋا بولمىسا شامال

چىقالمايدۇ. ھاۋا بولمىسا بۇلۇت بولمايدۇ، كېچىدە چېمىرلاپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارمۇ غايىپ بولىدۇ، سەرەڭگە چېقىلمايدۇ، ئوت يېقىلمايدۇ، ئاپتوموبىللار قوزغالمايدۇ.

ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ قوغدىشى بولمىسا، كۈندۈزدىكى قۇياش نۇرىنىڭ ئۇدۇل چۈشۈشى بىلەن يەر شارى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 300 نەچچە گىرادۇسقا يېتىدۇ؛ كېچىسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ نۆلدىن تۆۋەن 200 نەچچە گىرادۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئويلاپ كۆرۈڭا، ھاۋا نىمە دېگەن قىممەتلىك-ھە!

ماتىرىيالدىن: ئۆمەرجان مۇھەممەت

## كىچىككىنە سازاڭنىڭمۇ پايدىسى زور

كىچىك دوست، بىلەمسىز، سازاڭ قارىماققا ناھايىتى ئاددى، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى زور. مەسىلەن، ئېيتايلۇق:

1. سازاڭ تۇپراقنى يۇمشىتىدۇ ۋە ياخشىلايدۇ.

2. سازاڭنىڭ مايىغىدا ئازوت، كالىي، فوسفور قاتارلىق ماددىلار مول بولغانلىقتىن، تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

3. سازاڭدا ئاقسىل، ماي مىنېرال ۋە شېكەرلىك ماددىلار كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا ئۇ ھايۋانلار بىلەن قۇشلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوزۇقلۇغى ھېساپلىنىدۇ.

4. سازاڭنىڭ تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭرى. (قىزىتما قايتۇرۇش، تارتىششىنى بوشاشتۇرغۇچى قاتارلىق جەھەتلەردە)

5. سازاڭ ئارقىلىق مۇھەببەت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: 100 مىليون تال سازاڭ بىر كۈندە 40 تونىنا ئورگانىك تاشلاندۇقلارنى يەپ تۈگىتىدۇ.

سۆيۈملۈك دوستلار، بىز سازاڭنى ئاسرايلى، ئۇ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

ماتىرىيالدىن: مۇبارەك ئەبەيدۇللام

# ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ كۆپ ماددا

چوڭ كىشىلەر بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سۇ ئىگەللەيدۇ، باللارنىڭ بەدىنىدىكى سۇ تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

بەدەندىكى سۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھەر خىل ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، بۇنى ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقى دەپ ئاتايمىز. قالغان ئۈچتىن بىر قىسىم سۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ، بۇنى ھۈجەيرە سىرتقى سۇيۇقلۇقى دەپ ئاتايمىز. ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقلار ھۈجەيرە سىرتقى سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق ھۈجەيرىلەر ئەتراپىغا ئېقىپ بېرىپ، ھۈجەيرە پەردىسى ئارقىلىق ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىغا كىرگۈزۈلىدۇ؛ ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىدىكى كېرەكسىز ماددىلار ھۈجەيرە پەردىسى ئارقىلىق ھۈجەيرە سىرتقى سۇيۇقلۇقىغا چىقىرىلىپ، ئاندىن بەدەن سىرتىغا ھەيدىلىدۇ.


AltunOq

ھۆجەيرە سىرتقى سۈيۈقلۇغىنىڭ مۇنداق ئالاھىدە رولى بار.

ئۆگىلەردىكى سۇ ئىنتايىن ياخشى سىلىقلاش مېيى بولۇپ، ئۆگىنىڭ ھەركەتتىن سۈركىلىپ ئۇپرىشىنى ئازايتىدۇ.

كۆز چۆغىدىكى سۇ كۆزنىڭ كۆرۈشىگە ياردەم بېرىپ، نەرسىلەرنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىدۇ؛ كۆز يېشى كۆزنى نەملەش ۋە سىلىقلاشتىن سىرت، كۆزنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلايدۇ.

ئىچكى قۇلاقتىكى سۇ قوبۇل قىلغان تاۋۇش دولقۇنىدىن تىترەش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇرغۇ تەسىراتىنى سەزگۈ ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئادەمگە تاۋۇشلارنى ئاڭلىتىدۇ ھەمدە سەزگۈگە ياردەم قىلىدۇ.

بەدەندىكى سۇ نورمال ھەم يېتەرلىك بولغاندىلا، بارلىق ئورگانىزىملار پائال ھەركەت قىلالايدۇ. بىز باللار ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، بەدىنىمىز سۇغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. بەزى باللار سۇنى كەم ئىچىدۇ، كۆكتات يېيىشكە قېرىق، بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس، بۇنداق ئىللەتنى ئۆزگەرتمىسە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە تەسىر يېتىدۇ.

ماتېرىيالدىن: ئۆمەرجان مۇھەممەت

## يەر شارىنىڭ چاپىنى — ئاتموسفېرا

ئالەم بوشلۇقىدىكى ئاقار يۇلتۇزلار ھەمىشە يەر شارىغا سوقۇلماقچى بولۇپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرىشى بىلەنلا سۈركىلىشتىن ئوت ئالىدۇ-دە، ئاخىرى ئېرىپ تۈگەيدۇ. ئېرىپ بولالمىغانلىرى يەنى مېتېئورىت تاش

يەر شارىغا چۈشىدۇ، چىلاندەك بىر تاش ئاسماندىن يەرگە چۈشسە بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىنى تېشىۋېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر يەر شارىنى ئاتموسفېرا قوغداپ تۇرمىسا، بىر تونىدىن ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى مېتېئورىت تاش ئاسماندىن يەر شارىغا چۈشسە، يەر شارى قانداق بولۇپ كېتەر؟

يەر شارىنىڭ قىممەتلىك چاپىنى بولغان ئاتموسفېرا يەر شارىدىكى جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان قۇياش نۇرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىۋېلىپ، ھايۋاناتلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ.


ماتېرىياللاردىن: دىلمۇرات

## يەر شارىدا قانچىلىك سۇ بار؟

دۇنيا خەرىتىسىگە قارىسىڭىز شۇنچىۋالا چوڭ يەر شارىنىڭ ئاز قىسمىنى قۇرۇقلۇق، كۆپ قىسمىنى دېڭىز-ئوكيان تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنداقتا دېڭىز سۈيى زادى قانچىلىكتۇ؟ ئەگەر دېڭىز سۈيىنى سۇ شارى قىلىپ تۈپلىگەندە، ئۇنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇبادا يەر شارىنى يۈزى سىلىق شارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن دېڭىز سۈيىنى يەر يۈزىگە تەكشى ياپسا، ئۇ چاغدا يەر شارىنى قاپلاپ تۇرغان 2700 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر ئوكيان شەكىللىنىدۇ.

لېكىن يەر شارىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى دېڭىز-ئوكياندىلا بولمايدۇ؛ چۈنكى سۇنىڭ ھالىتى ئۆزگىرىشچان بولغاچقا،

جايلىشىش ئەھۋالىمۇ بەك مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزى كىشىلەر تەخمىنەن مۆلچەرلەپ: ئاتموسفېرادىكى، يەر يۈزىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى سۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل يەر شارىدىكى سۇنىڭ مىقدارى جەمى 1 مىليارت 400 مىليون كۇپ كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز سۈيى 97 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان ئۈچ پىرسەنتىگە يەتمىگەن سۇ هاۋاغا، دەرياغا، كۆلگە، مۇزلۇققا ۋە يەر ئاستىغا تارقالغان دەپ قارايدۇ.



## هەركەتلىك سۈرەت فىلىمى قانداق ئىشلىنىدۇ؟

قەغەزگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ هەركەتلەنگەنلىكىنى قايسىڭلار كۆرگەن؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. رەسىمدىكى گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى، رەسىمدىكى قۇشلارنىڭ سايرىشى، رەسىمدىكى ئاسماندىن يامغۇر يېغىشى، رەسىمدىكى كىچىك ئېرىقلاردا سۇنىڭ شىرىلداپ ئېقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما، ئەگەر سىز كۆرۈنۈشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن رەسىملەرنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن ئۇنى هەركەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان بولسىڭىز، سىز كۆپ-كۆك ئاسماندا قۇياشنىڭ ئىللىق كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى ياپ يېشىل زېمىندا بالىلارنىڭ زوق- شوخ بىلەن سەكرىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى، قىسقىسى، رەسىمدىكى ھەممە

نەرسىلەرنىڭ جانلىنىپ راست نەرسىدەك ھەركەتلەنگەنلىگىنى بايقايسىز. ھەركەتلىك سۈرەت دىگىنىمىز مانا شۇ. ھەركەتلىك سۈرەت فىلىمىنى ئىشلىگۈچى تاغىلار، ئاچىلار مۇشۇ قائىدىگە ئاساسلىنىپ، ئاساسەن ئوخشىشىدىغان، ئەمما رەت تەرتىۋى بويىچە ئۆزگىرىدىغان رەسىملەرنى كۆپلەپ سىزىپ چىقىپ، كىنوغا ئېلىش ئاپاراتى ئارقىلىق رەت تەرتىۋى بويىچە تارتىپ، ئاندىن يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇزىكىنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق ھەركەتلىك سۈرەتلەر فىلىمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «قار مەلىكىسى»، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «تۆمۈر بىلەگلىك ئاتوم»، «ئورمان پادىشاسى»، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن «سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشنى قالايمىقان قىلىشى» — قاتارلىق ھەركەتلىك سۈرەتلىك فىلىملار ئەنە شۇنداق ئىشلەنگەن.

ماتېرىياللاردىن: تۇرارىبېك نىياز

## نان قېپى

ئاكىسى: بۈگۈن مەن يەنە تاپشۇرۇق ئىشلىشىڭگە ياردەملىشەيمۇ؟

ئۇكىسى: يوغسۇ، تۈنۈگۈن سەن «بىر ۋاق تاماق» دىگەننى «بىر تونىنا تاماق» دەپ يېزىپ قويۇپتىكەنسەن، ساۋاقداشلىرىم مېنى «نان قېپى» دەپ مازاق قىلىشتى.

# بادۇيالىق ۋەتەنپەرۋەر بالا

ئامىتىس (ئىتالىيە)

فرانسىيىنىڭ بىر پاراخودى ئىسپانىيىنىڭ بارسېلونا دىگەن يېرىدىن قوزغىلىپ، ئىتالىيىنىڭ گېنۇيا دىگەن يېرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پاراخوت ئىچىدە فرانسىيىلىك، ئىتالىيىلىك، ئىسپانىيىلىك ۋە شىۋېتسارىيىلىك يولۇچىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستى- بېشى جۇل- جۇل ئون بىر ياشلىق بىر بالا بار ئىدى. ئۇ، ئادەملەردىن ياۋايى ھايۋاندەك يىراقلىشىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە مۇنداق يامان كۆز بىلەن قارىشى سەۋەپسىز ئەمەس ئىدى.



بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ يېزىدا دىخانچىلىق قىلىدىغان ئاتىسى ئۇنى ئويۇن قويۇپ پۇل تاپىدىغانلارغا سېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار بالىنى خالىغانچە ئۇرۇپ، تېپىپ، ئاچ قويۇپ ئويۇن قويۇشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاپ، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا ئويۇن قويۇشقا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇلار ئۇنى ھەدىسىلا ئۇرۇپ، تىللاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قورسىقى تويغۇدەك تاماق بەرمەپتۇ.

بارسېلوناغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇ خورلۇققا ۋە ئاچلىققا چىدىمىغانلىقتىن، ئاخىرى



AltunOq

خوجايىنىنىڭ يېنىدىن قېچىپ چىقىپ، ئىتالىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئۆزىگە پانالىق تىلەپتۇ. كونسۇلنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى مۇشۇ پاراخوتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ ھەمدە گېنۇيادىكى مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارغا ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلاپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىپتۇ. غەمكىن، كىيىملىرى جۇل- جۇل بۇ بالا پاراخوتنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ياتاقخانىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىشىپتۇ. خۇددى ئۇ ھەممە ئادەمدىن نەپرەتلەنگەندەك، باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ قايتۇرماپتۇ، ھەممەيلەنگە ئالىيىپ قاراپتۇ، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە ئازاپ- ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىكەن. ئۈچ يولۇچى ئۇنىڭدىن ئۇنى سوراپ، بۇنى سوراپ ئاخىرى ئۇنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ، كەچۈرمىشلىرىنى ئىتاليانچە، فرانسۇزچە ۋە ئىسپانچە ئۈچ خىل ئارىلاشما تىل بىلەن ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۈچيلەن گەرچە ئىتالىيىلىك بولمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ، كەيپىچىلىكتە ئۇنىڭغا بىر ئاز پۇل بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بەزىبىر ئىشلارنى ئاڭلىۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا بىرنەچچە ئايال كىرىپ كەپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن قەستەن جوزىنىڭ ئۈستىگە تەڭگە- پۇللارنى جاراڭشىتىپ تاشلاپ، ئۈنلۈك قىلىپ: «مە! بۇلارنىمۇ ئالغىن» دەپتۇ.

بالا بوش ئاۋاز بىلەن رەھمەت ئېيتىپ پۇللارنى يانچۇقىغا سالىپتۇ، ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىدا تۇنجى قېتىم خۇشال كۈلۈمسىرەش پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ كار-

ۋات تاختىسىنى چۈشۈرۈپ يېتىپتۇ ـ دە، بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە چوت سوقۇشقا باشلاپتۇ، ئۇ بۇ پۇللارغا پاراخوتتا ياخشى يەمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئىككى يىلدىن بۇيان ئاچ قالغان قوسىقىمنى تازا بىر تويدۇرۇۋالىدىغان بولدۇم، گېنۇياغا بارغاندىن كېيىن يېڭى چاپان ئېلىپ، يىر-تىلىپ كەتكەن ئىگىنلىرىمنى ئوڭشىۋالىمەن، ئاشقان پۇللارنى ئاتا ـ ئانامغا ئاپىرىپ بەرسەم ئۇلار ماڭا ياخشىراق قارايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. بۇ پۇللار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن بىر بايلىق ئىكەن. ئۇ كارۋاتتا يېتىپ مۇشۇ شىرىن خىياللارنى سۈرۈۋاتقاندا، ھېلىقى ئۈچەيلەن تېخىچە ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ئۇلار ھاراق ئىچكەچ ساياھەت قىلغان جايلىرى ھەق-قىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى. گەپ ئىتالىيە ئۈستىدە توختالغاندا، بىرسى ئىتالىيىنىڭ مېھمانخانىسى ياخشى ئەمەس دەپ ئاغرىن-سا، يەنە بىرسى ئىتالىيىنىڭ پويىزى بەك ناچار دەيتتى، ئۇلار سۆزلىگەنسېرى ئەدەپ، ئىتالىيىنى بىرمۇ ياخشى يېرى يوقتا چىقىرىشتى. بىرسى ئىتالىيىگە بارغاندىن كۆرە شىمالىي



قۇتۇپقا بارغان تۈزۈك دىسە، يەنە بىرى ئىتالىيىدە باندىتتىن باشقا نەرسە يوق دەپ ھۆكۈم چىقىراتتى، ئۈچىنچىسى بولسا ئىتالىيىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز دەيتتى.

— دۆت خەلق، — دىدى بىرسى.

— مەينەت خەلق، — دىدى يەنە بىرسى.

«قاراق...» ئۈچىنچىسى «قاراقچى» دىمەكچى بولۇپ تېخى سۆزى تۈگىمەستىنلا، تەگىگە پۇللار ئۇلارنىڭ باش ۋە دۈمبىلىرىگە خۇددى مولدۇردەك تاراسلاپ ئۇرۇلۇشقا، شاراقشىپ ئۈستەل ۋە پوللارغا چۈشۈشكە باشلىدى. ھىلىقى ئۈچ كىشى ئاچچىغىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ بېشىنى كۆتىردىشىگە، يەنە بىر سىقىم پۇل ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

ئېلىشە!— دىدى بالا كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مەنسىتمىگەن ھالدا: «سەنلەر ۋەتىنىمگە ھاقارەت قىلىشىۋاتىسەن، ماڭا سەنلەرنىڭ پۇلۇڭ كېرەك ئەمەس!

## يومۇر

ئوغلى: باشقىلارنىڭ تۆۋەن نومۇر ئالغىنىنى كۆرگەندە ۋاقىرسا بولامدۇ؟

دادىسى: ۋاقىراش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭغا سىللىق-يۇمشاقلىق بىلەن تەسەللى بېرىپ، ياردەم قىلىش كېرەك...

ئوغلى: ئۇنداق بولسا سىزگە بىر ئىشنى ئېيتىپ قوياي: مەن ھىساپتىن ئارانلا 21 نومۇر ئالدىم.

دادىسى: نىمە؟! سەن...!

ئوغلى: دادا... ۋاقىرىماڭ.



## شىر ۋە كۈچۈك

ل. تولستوي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا بىر ھايۋاناتلار باغچىسى بار ئىكەن. بۇ ھايۋاناتلار باغچىسى كىشىلەرگە ھايۋانلارنى كۆرسەتكەندە، ئۇلاردىن پۇل ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ئىت ۋە مۈشۈكلەرنى تەلەپ قىلىدىكەن.

بىر ئادەمنىڭ ھايۋانلارنى كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ ۋە كوچىدىن بىر كۈچۈكنى تۇتۇۋېلىپ، ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپتۇ. خوجايىن بۇ ئادەمنى باغچىغا كىرگۈزۈپتۇ، كۈچۈكنى بولسا، قەپەزنىڭ ئىچىدىكى شىرغا يېيىش ئۈچۈن تاشلاپ بېرىپتۇ.

كۈچۈك قۇيرۇقىنى يىغىۋېلىپ، قەپەزنىڭ بۇلۇڭىغا سىقىلىۋاپتۇ. شىر كۈچۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى پۇراپ قويۇپتۇ.

كۈچۈك ئوڭدىسىغا يېتىپ، پۇتلىرىنى كۆتىرىپتۇ-دە، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشقا باشلاپتۇ.

شىر ئۇنى ئىتتىرىپ دومىلىتىۋېتىپتۇ.

كۈچۈك سەكرەپ تۇرۇپ، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتىرىپ، كەينى پۇتلىرى بىلەن تىك تۇرۇپتۇ.

شىر كۈچۈككە قاراپ بېشىنى ئۇياق-بۇياققا بۇراپ قويۇپتۇ-دە، ئۇنىڭغا چىقىلماپتۇ.

خوجايىن شىرغا گۆش تاشلاپ بېرىپتۇ، شىر گۆشتىن بىر پارچىنى يۇلۇپ ئېلىپ، كۈچۈككە قالدۇرۇپتۇ.

ئۇلار كەچقۇرۇن ئۇخلىغاندا، كۈچۈك بېشىنى شىرنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ يېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، شىر بىلەن كۈچۈك بىر قەپەزدە ياشاپتۇ. شىر ئۇنىڭغا چىقىلمايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يەيدىكەن، بىللە ئۇخلايدىكەن، بىللە ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى، كۈچۈكنىڭ ئىگىسى ھايۋاناتلار باغچىسىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچۈكىنى تونۇپ قاپتۇ. ئۇ، ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ خوجايىنىدىن كۈچۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. خوجايىن كۈچۈكنى ئىگىسىگە بېرىۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنى قەپەزدىن ئالاي دەپتىكەن، شىر ئەلپازىنى بۇزۇپ خىرىلداشقا باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شىر بىلەن كۈچۈك قەپەزنىڭ ئىچىدە بىر يىل بىللە ياشاپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، كۈچۈك ئاغرىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. شىر بىر نەرسە يېگىلى ئۇنىماي، كۈچۈكنىڭ جەسىدىنى پۇرايدىكەن، پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ، قىمىرلىتىپ باقىدىكەن.

شىر كۈچۈكنىڭ ئۆلگەنلىگىنى سېزىپتۇ-دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، قويىرۇغى بىلەن ئۆزىنىڭ


AltunOq

بېقىنلىرىغا ساۋاپتۇ، قەپەزنىڭ تاملىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، پەنجىرىلەرنى غاجىلاشقا باشلاپتۇ.



شىر قەپەزنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئۇياقتىن-بۇياققا ئۇرۇپ ھۆكىرەۋېرىپتۇ. ئاندىن ئۆلۈك كۈچۈكنىڭ يېنىدا يېتىۋېلىپ، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ.

خوجايىن قايغۇسىنى ئۇنۇتامدىكىن دەپ، شىرنىڭ قېشىغا باشقا بىر كۈچۈكنى كىرگۈزۈپتۇ. ئەمما، شىر ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شىر ئۆلۈك كۈچۈكنى قۇچاقلىغىنىچە بەش كۈن يېتىپتۇ.

ئالتىنچى كۈنى شىر ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئەي قىز، تالا-تۈزدە ۋە ئۆيدە تەرتىپلىك بولۇڭكى، پىپىرى يوق سۇنايدەك كەلسە-كەلمەس ۋاقىراپ يۈرمەڭ. بۇ قىزلار ئۈچۈن بەك ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. كىشىلەر بار يەردە پۇتىڭىزنى كېرىپ ئولتۇرماڭ. ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنىڭ ئالدىدىن تۇغرا ئۆتمەڭ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىماڭ، قىلىقسىز گەپ-چاقچاقلار بولغان يەردە قولاق سېلىپ ئولتۇرماڭ.




هۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى

**بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى «چاررۇسىيە»، پادىشاسى «چار پادىشا» دەپ ئاتىلىدىكەن. «چار» دىگەننىڭ مەنىسى نىمە؟**

غۇلجا ناھىيە خۇدىيار يۈزى گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋى «$B$ — 10» سىنىپتىن ئادىل ئابدۇسالام

ساۋاقداش ئادىل ئابدۇسالام

«چاررۇسىيە»، «چار پادىشا» دىگەن سۆزدىكى «چار»نىڭ مەنىسى پادىشا دىگەنلىكتۇر. گەرچە بۇنداق بولغاندا «چار پادىشا» دىگەن سۆزدىن «پادىشا ـ پادىشا» دىگەن مەنە چىقىپ قالسىمۇ، ئادەتلىنىپ قالغانلىغىمىز ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇنى يەنىلا «خۇاڭخې دەرياسى»، «تەيشەن تېغى» دىگەندەك «چار پادىشا» دەپ قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز.

«چار پادىشا» روسىيە پادىشاسىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىدە لاتىنچە «Caesar» دىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. «Caesar» قەدىمقى رىم پادىشاسىغا بېرىلگەن نام. 1547 ـ يىلى روسىيە پادىشاسى ئىۋان Ⅳ ئۆزىنى «چار پادىشا» دەپ ئاتالغان. 1721 ـ يىلى پېتىر I بۇ نامنى ئىمپىراتورغا ئۆزگەرتكەن، بىراق «چار پادىشا» دىگەن

نام يەنىلا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. 1917 ـ يىل فېۋرال بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى چار پادىشا تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇلغارىيە پادىشاسىمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى 1946 ـ يىلى خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە، ئۆزىنى «چار پادىشا» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

دېمەك، «چار» دىگەن سۆز پادىشا دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۆرمەتلىك نەسرىدىن ئەپەندى:**



**مەن چوڭلارنىڭ: «باللار قۇشقاچ ئويىنىسا يۈزىگە سەپكۈن چىقىپ كېتىدۇ» دىگەن سۆزىنى بىرنەچچە رەت ئاڭلىدىم. بۇ گەپ راستىمۇ؟**

**چۆچەكتىن: نەسرۇللا**

ساۋاقداش نەسرۇللا:

سەپكۈن ئادەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدا يۈز، قوللىرىدا پەيدا بولىدۇ. سەپكۈن قوڭۇر ۋە قارامتۇل بولىدۇ، قارىماققا خۇددى قۇشقاچنىڭ تۇخۇمىدىكى داغلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر سەپكۈننى «قۇشقاچ دېغى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

ئادەملەردە نىمە ئۈچۈن سەپكۈن پەيدا بولىدۇ؟ بىزنىڭ تېرىمىزدە بىر خىل «رەڭلىك ھۈجەيرە» بار. گەرچە بۇ خىل ھۈجەيرىلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلار باشقا ھۈجەيرىلەرگە قارىغاندا سەل چوڭراق بولىدۇ. ئۇلار

ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، قۇياش نۇرى ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىدۇ. بىزنىڭ تېرىمىز قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىمۇ سەپكۈن پەيدا بولىدۇ. ئەمما، سەپكۈننىڭ پەيدا بولۇشى كۆپ چاغلاردا ئىرسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئادەملەر ئاپتاپقا چىققان ھامان يۈزىدە سەپكۈن پەيدا بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆمۈر بويى ئاپتاپتا يۈرسىمۇ يۈزىدە سەپكۈن بولمايدۇ. ئەمما، يۈزگە سەپكۈن چىقىشنىڭ قۇشقاچ ئوينىشى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.



ھۆرمەتلىك نەسرىدىن ئەپەندى

مەن گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇدۇم: بۆرە بىر بوۋاقنى ئورمانلىققا ئەپقېچىپ كېتىپ، ئۇنى ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىپتۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرىگە ئوخشاش تۆت پۇتلاپ مېڭىپتۇ، ئادەملەرگە ئۆچ بوپتۇ، قىسقىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي خىسلەتتىن ئەسەرمۇ بولماستىن، يۈرۈش-تۇرۇشىنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارنىڭكىدىن پەرق قىلمايدىغان بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدىم. بەزى بالىلار كالا سۈتى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ. نېمىشقا ئۇلار «كالا بالا»غا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

بۆرتالادىن: سايىم

ساۋاقداش سايىم

بۆرە بالىنىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكى، زېھنىنىڭ تۆۋەنلىكى

هايۋاناتقا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بۆرە سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار كىچىكىدىنلا ئادەملەر بىلەن بىللە بولمىغانلىقى، ئادەملەر ئارىسىدا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ياشىمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئادەملەر ئارىسىدا ياشىمىغاچقا بۆرە بولۇپ، مېڭىشنى، ئادەمچە گەپ ـ سۆز قىلىشنى ئۆگىنەلمىگەن، ئۆزىدە ئادەمدە بولىدىغان خۇي ـ مىجەزنى يېتىلدۈرەلمىگەن. شۇ سەۋەپتىن ئەقلى كەم بولغان، بەزى بالىلار كالا سۈتى ئىچىپ چوڭ بولسىمۇ، ئۇلار كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ھەدىلىرى قېشىدا، قىسقىسى ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغان. مېڭىشنى، گەپ قىلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تونۇيدىغان بولغان. ئەقلىمۇ نورمال راۋاجلانغان. مۇنداق ئەھۋالدا بۇ قانداقمۇ «كالا بالا» بولۇپ قالسۇن؟

بۆرە بالىنىڭ ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئەقلىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى مۇھىم. ئادەمنىڭ ئەقلى، زېھنى بوۋاق ۋاقىتلىرىدا ياخشى تەرەققى قىلالمىسا، ئۈچ ـ تۆت، بەش ـ ئالتە ياشقا كىرگەندە ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلسىمۇ، ھەممە تەرەپتە نورمال ئادەم بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ.

### ھۆرمەتلىك نەسىرىدىن ئەپەندى

مەن كىچىكىمدە يالغۇز يول ماڭسام بەكلا قورققۇم كېلەتتى. بەزىدە ئاتا ـ ئانامغا ئەگىشىپ يېزىغا بارىمەن. بەزىدە كىچىك دوستلار بىلەن ئويناپ خېلى كەچ بولۇپ

قالغانلىغىنىمۇ تۇيماي قالىمەن. مانا مۇشۇنداق كېچىلەردە يېزىنىڭ چىراقسىز كوچىلىرىدا يالغۇز ماڭغاندا تېخىمۇ بەكرەك قورققۇم كېلىدۇ. مەن بۇنى زادىلا بىلەلمىدىم. نىمە ئۈچۈن بالىلار كېچىسى يول ماڭسا قورقىدۇ؟

چەرچەندىن: هوشۇر

ساۋاقداش هوشۇر

كېچىدە يالغۇز يول ماڭغاندا قورقىدىغان ئادەت سىزدىلا ئەمەس، كۆپىنچە بالىلاردا بولىدۇ.

قورقۇش، پىسخولوگىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئادەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ھېسسىيات. ئۇ كىشىلەرنى خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن ھۇشيار بولۇشقا، كىشىلەرنى خەتەرلىك ھالەتتىن دەرھال قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قورقۇش ئادەم ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئادەمنىڭ قورقۇشىدا، نورمال ئەھۋالدىن ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپ بولىدۇ:

بىرىنچى سەۋەپ: كونىلاردا «موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ»، «يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئاغامچىنى كۆرسىمۇ قورقىدۇ» دېگەندەك گەپلەر بار. ئادەملەرنىڭ بەزى نەرسىلەردىن قورقۇشى شۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تۇردە زىيان يەتكۈزگەنلىكىدىن پەيدا بولغان. بىز بوۋاقلارنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ دەسلەپتە ھېچنەرسىدىن قورقمايدۇ، بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىغىنى بايقايمىز. مەسىلەن: بوۋاق دەسلەپتە ئوتتىن قورقمايدۇ. ئۇ سەل چوڭ



بولغاندا شامنىڭ ئوتىنى تۇتۇپ باقىدۇ، شۇ ھامانلا ئۇقۇلىنىڭ كۆيگەنلىگى، قاتتىق ئېچىشقانلىغىنى ھېس قىلىدۇ - دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئوتنىڭ قولنى كۆيدۈرىدىغانلىغىنى، ئادەمنىڭ جىسمىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىغىنى بىلىپ، ئوتنى تۇتمايدىغان بولىدۇ. بۇنداق ھالەت بىرنەچچە رەت تەكرارلانسا ئۇ ئوتتىن قورقىدىغان، ئۆزىنى ئوتتىن چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

قورقۇشنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى، بىزنىڭ ۋاستىلىق ئىگەللىگەن بىلىملىرىمىز ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. ئادەملەر ئەقىللىق، تىل بىلىدىغان مەخلۇق. ئادەملەر تىل، سۆز ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىنى بىر - بىرسىگە بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئۆز كەچۈرمىشلىرىمىز ئارقىلىقمۇ، ۋاستىلىق تەجرىبىلەر — مۇئەللىم، ئاتا - ئانىلارنىڭ سۆزلىرى، كىتاپ، تېلېۋىزور، كىنو... ئارقىلىقمۇ بىلىمگە ئىگە بولىمىز، شۇنداقلا چوڭلار ۋە تەڭتۇشلار ئارا بولغان مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىقمۇ ئۆزىمىز بىلە - بىلمەيلا نۇرغۇن بىلىمنى قوبۇل قىلىمىز. مەسىلەن: بۇ دۇنيادا ئەزەلدىنلا «جىن» بولغان ئەمەس، ھېچكىممۇ

«جىن»نى كۆرگەن ئەمەس، ھېچكىممۇ بىۋاستە «جىن»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئەمەس. ئەمما بىز جىن توغرىسىدا نۇرغۇن چۆچەكلەرنى ئاڭلايمىز، جىن ھەققىدە ھىكايە قىلىنغان كىنولارنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىردە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان «جىن»دىن قورقىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالىدۇ.

قورقۇنچاقلىق كېسىلىنى داۋالاشقا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشنىڭ دورىسى مۇنداق.

1. ئۆزىدە ئىرادە يېتىلدۈرۈشكە دائىم دىققەت قىلىش، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلارنى ۋە قورقانچاقلىقنى يېڭىشقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش.

2. «سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى»نى قوللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. مەسىلەن: سىز كەچتە تالا-تۈزگە چىقالمىسىڭىز، قاراڭغۇدىن بىھۇدە قورقسىڭىز، بۇ سىزدە قاراڭغۇلۇققا نىسبەتەن سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش رېئاكسىيەسى يۈز بەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. مۇنداق ئەھۋالدا سىز ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئادەمنى توختىتىپ قويۇڭ، ئىشىك ئالدىدا — قاراڭغۇلۇقتا مېڭىش، بىرەر ئىش قىلىشنى مەشق قىلىڭ. بۇنىڭغا تامامەن كۆنگەن، قورقمايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئىشىك ئوچۇق تۇرسۇن، ئەمما ئىشىك تۈۋىدە ئادەم قاراپ تۇرمىسۇن، سىز يەنە مەشق قىلىڭ. تامامەن قورقمايدىغان بولغاندا ئىشىكنىمۇ يېپىپ قويۇڭ. دەسلەپ ئىشىك ئالدىدا، ئاندىن ئۆي ئەتراپىدا، بارا-بارا يىراقراق بېرىپ مەشق قىلىڭ. مانا شۇنداق مەشق قىلسىڭىز ئاخىرى قاراڭغۇدىن قورقمايدىغان بولىسىز. ئەمما، بۇنداق مەشىقتە تەدرىجىلىككە

ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، ھەر كۈنلۈك تەلەپنىڭ پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى، بىر تەلەپنى تولۇق ئورۇنلاپ بولغاندا ئاندىن يېڭى تەلەپ قويۇش كېرەك. ئەگەر تەلەپ ۋاقتىدىن بۇرۇن بەك يۇقۇرى بولۇپ كەتسە ئارزۇنىڭ ئەكسىچە چاتاق چىقىدۇ.

3. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزگە ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: كېچىلەردە يول ماڭغاندا، ئاڭلىق ھالدا: «ئىلىم - پەن ئەزەلدىن جىن - شاياتۇنلارنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان. ھېچكىم جىننى كۆرمىگەن، ھېچكىمگە جىن يېلۇقمىغان. دېمەك، باشقىلار خەتەرگە يولۇقمىغان ئىكەن، ماڭىمۇ خەتەر يولۇقمايدۇ...» دەپ ئويلاش كېرەك. بۇندىن باشقا ئاماللارمۇ كۆپ. مەسىلەن: دەرستە ئۆگەنگەن ھۆكەر يۇلتۇزى، قۇتۇپ يۇلتۇزى قەيەردە، دەپ ئاسمانغا قاراپ بېقىش. باتۇرلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئەسلەش، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسكە ئېلىش كېرەك. بۇنداق ئىشلار ئادەمدىكى قورقۇشنى يوق قىلىدۇ، ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئادەم ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرگە يۆتكەيدۇ.

4. ئۆزىمىزنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىر كىنولاردىكى بەزى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە، ئۆزىمىزنى دەرھال كىنو ۋەقەلىكىدىن چەتكە تارتىپ ئۆزىمىزدە: «بۇ كىنودىكى بىر كۆرۈنۈش، ھەرگىز رىيال ھاياتتىكى ۋەقە ھادىسە ئەمەس، ئۇنى ئەرتىس ئويناۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس» دىگەن ئېنىق قاراشنى تىكلىشىمىز كېرەك. بۇنداق چاغلاردا بىز كىنودىكى ۋەقەلىكنى ئويلىماي، ئەرتىسنىڭ رولىنى راسا قاملاشتۇرۇپ ئوينىغان - ئوينىمىغانلىقىنى، دىكراتسىيەلەرنىڭ

قاملاشقان ـ قاملاشمىغانلىقىنى ئويلىشىمىز كېرەك.

رىيال تۇرمۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان، بىزنىڭ قورقۇنچاقلىقنى تۈگىتىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئامال ـ چارىلار ناھايىتى تولا. سىز بۇنىڭدىن ئۆزىڭىزگە باپ كېلىدىغان، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تاللاپ قوللىنىڭ ۋە تەجرىبىلەرنى دائىم يەكۈنلەپ تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا چېنىقىشقا دائىم دىققەت قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز كېيىنچە يول ماڭغاندا قورقمايدىغان بولىسىز، ئەگەر سىز قورقۇنچاق بولسىڭىزمۇ قورقۇنچاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، قورقماس باتۇر يۈرەك بولالايسىز.

## ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى

**مەن ھەر كۈنى نىلۇن ۋە دىلۇن كىيىملىرىمنى سالغان ۋە كىيگەن ۋاقىتلىرىمدا كىيىمدىن پاراس ـ پۇرۇس قىلغان ئاۋازلار چىقىپ، ئوت ئۇچقۇنى چاقنىغانلىقىنى كۆرىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنداق كىيىملەر بەدەنگە زىيانلىقمۇ؟**

خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل گېزكشى ئوتتۇرا مەكتىۋى تولۇقسىز 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **ئابدۇرىشىت دۆلەت**

ساۋاقداش ئابدۇرىشىت دۆلەت

سىز ئەينەك ياكى كاۋچۇك تاياقچىنى تېرە ياكى ئىپەككە سۈركەپ قەغەز پارچىلىرىغا يېقىنلاشتۇرسىڭىز، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ. بۇ، قەغەزنىڭ زەرەتلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇنداق زەرەتلەنگەن ئىككى پارچە قەغەز ياپىراقچىسىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرسىڭىز، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىدۇ. بۇ مىسال ئوخشاش زەرەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ، قارىمۇ ـ قارشى زەرەتلەرنىڭ ئۆزئارا تارتىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.



AltunOq

ياز كۈنلىرى يامغۇردىن بۇرۇن چاقماق چېقىپ هاۋادا ئوت ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ، زەرەتلەنگەن بۇلۇتلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان هادىسە. نىلۇن رەخت مونومېر دەپ ئاتىلىدىغان ئاددى بىرىكمىلەرنى پولىمېرلاش ئارقىلىق هاسىل قىلىنغان يۇقۇرى مالېكۇلىلىق بىرىكمە، ئۇنىڭ مالېكۇلا قۇرۇلۇشى ئىپەك، سىللوزا قاتارلىق تەبىئى بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، كىيىمنى كىيگەن ياكى سالغان ۋاقىتلاردا بۇ خىل يۇقۇرى مالېكۇلىلىق بىرىكمىلەرنى تەشكىل قىلىدىغان ئاتوم زەرەتلىرىدە قالايمىقان ئۇچرىشىش بارلىققا كېلىدۇ-دە، چارسىلىدىغان ئاۋاز چىقىپ ئوت ئۇچقۇنى هاسىل بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىپەك كىيىملەردىمۇ ئوخشاشلا يۈز بېرىدۇ. بىراق، بۇنى نىلۇن كىيىملەردە كۆزىتىش ئاسانراق. چۈنكى، نىلۇن كىيىملەرنى تەشكىل قىلىدىغان خىمىيۋى تالالاردا توپلىنىدىغان ئېلېكترونلار كۆپرەك ۋە زىچراق بولىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ئەمەس. چۈنكى، ئادەم بەدىنى ئەڭ ياخشى ئۆتكۈزگۈچ. بۇ خىل زەرەتلەر بەدەندە توپلىنىپ قالمايدۇ.

(بېشى 72-بەتتە)

بارات ئورنىدىكى يولداشنى چوڭ بىر گۇلۇبوسنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— مانا مۇشۇ يەردىن، — پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى يولداش ئاچچىغىنى بېسىپ تۇرۇپ، گۇلۇبوستىكى بىر نۇقتىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سۇن ۋۇكوڭ توغرىلىق ئويلاۋاتاتتى، ئويلىغانسېرى تېرىكىپ كېتىۋاتاتتى.



## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

سۇن ۋۇكۇڭ يىڭناغۇچىنىڭ دۇمبىسىدە تۇرۇپ بەك پەيزى قىلدى. ئالدى تەرەپكە قاراپ بىرمۇنچە پولات مۇنارلارنى كۆردى، ئۇلار ئەسلىدە نېفىت بۇرغىلاش مۇنارلىرى ئىدى. ئۇ يەنە يەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىمىنىڭمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بارغانلا جايدىن سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇكۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ كەتكەچكە، يىڭناغۇچىنىڭ دۇمبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

يەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىم ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىستىرېلكىسى ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

«سۇن ۋۇكۇڭ مۇشۇ يەردىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى. ئاما ئۇنى ھەممە جايدىن ئىزلەپمۇ تاپالمىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ نېفىت بۇرغىلاش مۇنارىسى تەرەپكە مېڭىۋىدى، ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىستىرېلكىسى يەنە بىر-نەچچە قېتىم ھەركەتلەندى. بۇنى كۆرگەن پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىم تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ئىزلىگىلى تۇردى. نەتىجىدە، يەردە بىر چۇمۇلە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ: «قىزىل چۇمۇلىمۇ بولىدىكىنا؟ بۇ نىمانداق تېز ماڭىدىغاندۇ؟ دەل شۇ ئىكەن» دەپ ئويلىدى-دە، ھىساپلاش ماشىنىسىنى ئېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىستىرېلكىسىنىڭ ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ئەمدىغۇ تاپقاندىمەن» دېدى پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىم ۋە ئۇنى تۇتۇشقا قول ئۇزاتتى. ئەمما قىزىل چۇمۇلە راسا ھىلىگەر بولۇپ، ئۇدۇل بۇرغىلاش قۇدۇقىنىڭ ئاغزىغا قاراپ يۈگۈردى. ئاپلا! يامان بولدى-دە! سۇن ۋۇكۇڭ تېگى يوق چوڭقۇر ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە، قانداق تاپقىلى بولار؟

پەن-تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى يولداش دەرھال ئىنژېنېرنى ياردەمگە چاقىردى. ئىنژېنېر ھىساپلاش ماشىنىسىنى چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈردى. نەتىجىدە، خاتىرىلەنگەن لېنتىدىن قۇدۇق ئاستىدا رادىئاكتىپ ئېلېمېنتنىڭ ئىشنى بۇزۇۋاتقانلىقى سېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇدۇق ئاستىدا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا ئاشكارا بولدى. كۆپچىلىك سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتماقچى بولۇپ ئالدىرىشىپ كېتىشتى.

قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈرۈلگەن ھىساپلاش ماشىنىسى سۇن ۋۇكۇڭنى چۆچۈتۈۋەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ھىساپلاش ماشىنىسىنى مېنى تۇتقىلى چۈشتى دەپ بىلىپ، ئۆزىگە

دەرھال «كىچىكلە! كىچىكلە! كىچىكلە!» دەپ ۋاقىرىدى ـ دە، چوڭـايتىش ئەينىكىدىمۇ كـۆرگىلى بولمايـدىـغان دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى.

ئېنژېنېر ۋە پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىن كەل ـ گەن يولداش ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇپ چىقالمىدى. ئاخىرى ئۇلار ــ «سەن بەرىبىر بۇ قۇدۇقتىن قېچىپ كېتەلـمەيسەنغۇ» دەپ ئويلىدى.

لېكىن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نېفىت قاتلىمىنى تېشىپ كـىـ رىپ، بەكمۇ يىراق جايغا كېتىپ قالغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ھەمــمە جـايـلارنى قالايمىقان تېشىپ مېڭىپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى ئىختىيـاسىز يۇمۇ ـ لۇپ ئۇخلاپ قالدى.

بۇ چاغدا يەر يۈزىدىن يەنە بىر تـۆشـۈك تېشىلىپ، ئاتوم ئۆلچىگۈچ ئەسۋاۋى چۈشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئەترىدى ئۇران كانلىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، يەر ئۈستىدىكى تەكشـۈ ـ رۈش ئەترىدىنىڭ باشلىقى خوشاللىقىدىن:

ــ يولداشلار! بۇ يەردە ئۇران كانى بار ئىكـەن. بىر كىلو ئۇران ئىككى مىڭ بەش يۈز تونىنا ئىسىل كـۆمۈرنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئۇران كانىنى ئاتـوم ئېنېرگىـ يىسى بىلەن توك چىقىرىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى نەچچە يـۈز يىل ئىشلىتىدۇ. دەرھـال ئاچـايـلى، باشقىلارغـا تېز ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار،ــ دىدى.

«گۇمبۇر! گۇمۇر!» قىلغان قاتتىق پارتلاش ئاۋازىدىن سۇن ۋۇكۇڭ چۆچۈپ ئويغانـدى. ئۇ چـاقماق چـاقتىمىكىن دەپ ئويلىدى. ئەمما كۆزىنى ئېچىپ قاراپ ئوچۇق ھاۋادا

قۇياشنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، يەر ئۈستىگە قانداقلارچە چىقىپ قالغاندىمەن دەپ ھەيران بولدى. تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ:

— بۇ غەلىتە ئىشقۇ، نىمىشقا ئۇران كانى يوقتۇ؟ ياق، ئېھتىمال بۇ خىل ئۇران كانىنى كۆرۈپ باقمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، ئېھتىمال، بۇ يېڭى بىر خىلدىكىسى ئوخشايدۇ... ئېلىپ كېتىپ تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، — دېدى.

قۇياش تاغ كەينىگە مۆكتى. ئۇران كان تەتقىقات ئورنىدىكى كۈن نۇرلۇق چىراق ئۆزلۈكىدىن يورۇپ كەتتى. ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىپ تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇلغان ئېنژېنېر ھېلىقى بىر تال «ئۇران رۇدىسى» نى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ بۇ رۇدىدا ئىنتايىن باش قاتۇرسىمۇ يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىرنىڭ بارلىقىنى سەزدى.

ئېنژېنېر بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ: «بۇ خىل رۇدىنى راستىنلا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇ شۇ كۈنكى گېزىتكە بېسىلغان سۇن ۋۇكۇڭ توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېسىگە ئالدى: «بۇ، سۇن ۋۇكۇڭ خەت يېزىشقا ئىشلەتكەن ئاشۇ خىل رادىئاكتىپ ئېلېمېنت ئەمەسمىدۇ؟ ... ھە، ئەمدى ئۇقتۇم، ئەسلىدە بۇ سۇنۋۇكۇڭ ئىكەن ـ دە، شەيتان، بارمايدىغان يېرىڭ يوق!»

ئېنژېنېر شۇ ھامان پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئورنىغا تېلېفون بېرىپ بۇ ئىشنى دوكلات قىلدى.

پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكىلەر سىرتقا ئەۋەتكەن ھېلىقى يولداشقا يەنە تېلېفون بېرىپ، ئاتوم ئېنېرگىيىسى



AltunOq

ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئوران كانى تەتقىقات ئورنىغا بېرىشىنى تاپشۇردى. لېكىن پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى خادىم ئۇ يەرگە يېتىپ بارسا، سۇن ۋۇكۇڭ ئاللىبۇرۇن غايىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ نېمىگە ئايلىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. شۇڭا، يەنە بىكارلا ئاۋارىچىلىق بولدى.


بىردەمدىن كېيىن، پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنىغا سۇن ۋۇكۇڭ دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋالدى دېگەن خەۋەر كەلدى.

— ھەي! ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بەلكىم ئۇ سۇ پادىشاسىنىڭ ئەينەك ئوردىسىنى پاراكەندە قىلىشقا كەتكەندۇ.

پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنىنىڭ باشلىقى سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇش ئۈچۈن دېڭىز ئاستىغا دەرھال ئادەم چۈشۈردى.

بۇ يولداش ئاتوم ئېنېرگىيىسى بىلەن ماشىنىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر سۇ ئاستى كېمىسىگە تېزلا سەكرەپ چۈشتى. كەچكىچە ئالدىراپ يۈرۈپ تاماق يېمىگەچكە، مۇشۇ بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تاماق يەۋېلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى. تاماق يېيەلمەي بولمايلا سۇ ئاستى كېمىسى دېڭىز ئاستىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇ كېمىنىڭ كابىنكىسىغا كىردى. تېلېۋىزور ئېكرانىدىن بىر توپ بېلىقنىڭ ئۈزۈپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ھوي! ئۇنىڭ يېنىدىكى ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىسترېلكىسى يەنە ھەركەتلەندى. شۇڭا ئۇنىڭ كەيپىياتى شۇ ھامان جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇ تۇتماقچى بولغان سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىدىلا تۇراتتى. ئۇ دەرھال دېڭىز مۇداپىئە پەن - تېخنىكا



ئاخبارات پونكىتىغا تېلېگرامما بېرىپ، سۇنۋۇكۇڭنى تۇتۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن بېلىقچىلىق كېمىسى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانى تۇيۇقسىزلا يورۇدى-دە، ئىنتايىن زور بېلىقچىلىق كېمىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۇزۇن بىر قۇيرۇق چېتىلغان ئىدى. بۇ ئېلېكتىر قۇتۇبى بولۇپ، بېلىقلار توپى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا سۇ سۈمۈرۈش ماشىنىسى ئۇلارنىڭ بىرنىمۇ قاچۇرماي سۈمۈرۈۋالاتتى. بۇ توك ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش دەپ ئاتىلاتتى. بېلىقچىلىق كېمىسى بېلىق توپىغا قاراپ دەرھال ئېتىلدى.

بىر مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇلاردىن تېلېگرامما كەلدى. تېلېگراممىدا ھېلىقى «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» لىق قىزىل-



قوڭۇر بېلىق سۇنۋۇكۇك بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ئۇنى ئالاھىدە ياسالغان بىر ئەينەك قاچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى ھەم بېكىتىپ قويدۇق، دەپ يېزىلغان ئىدى.

پەن- تېخنىكا ئاخبارات ئورنىدىكى يولداش تېلېگراممىنى كۆرۈپ خوش بولۇپ كەتتى. «ئەمدىغۇ قاچالماسەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاندىن دەرھال غەۋۋاسلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، سۇ ئاستى كېمىسىدىن چىقىپ كەتتى- دە، بېلىقچىلىق كېمىسىنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كەلدى.

ئۇ ئاغزى ھەم بېكىتىلگەن ئەينەك قاچىنى ئېلىپ سۇ ئۈزۈپ دېڭىز يۈزىگە چىقتى. سۇدىن چىقىپلا ھەركەتچان تېلېفون ئارقىلىق پەن- تېخنىكا ئاخبارات ئور- نىغا ئىشلارنىڭ ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پەن- تېخنىكا ئاخبارات ئورنى ئەۋەت- كەن بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇنى ۋە بېلىق سالغان قاچىنى ئېلىپ ئۇچۇپ كەتتى. تىك ئۇچار ئايروپىلان پەن- تېخنىكا ئاخبارات بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قوندى. كۆپچىلىك بىنانىڭ ئۆگزىسىگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ غەلىبىلىك

قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى.

ئەمما، بىلىق سېلىنغان قاچا تېخى ئىچىلماي تۇرۇپلا پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنى مۇنداق بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى:

يەر شارى پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنىغا:

سائەت 14 تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز دۇربۇن بىلەن قاراپ سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئاي ئوربىتىسىغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. دەرھال ئاتوم راكېتاسى ئەۋەتىپ قوغلىشىڭلارنى سورايمىز.

8 - نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمرا

پونكىتىنىڭ باشلىقى: جاۋيىشى

بۇ تېلېگراممىا كۆپچىلىكنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ھېلىقى بىلىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىلىقچىلىق تەتقىقات ئورنىغا ئېلىپ كېتىلدى.

بىلىقچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بۇ بىلىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتتى:

— كۆپ رەھمەت! كۆپ رەھمەت! — دېدى ئۇ ئارقا- ئارقىدىن، — بۇ دەل بىز دېڭىز - ئوكيانلاردىكى بىلىق تۈر- لىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا قويۇۋەتكەن بىلىق. بىز نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر تۈركۈم رادىئاكتىپلىق بىلىقلارنى دېڭىزغا قويۇۋەتكەن ئىدۇق. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بىز تا ھازىرغىچە بۇ بىلىقلارنىڭ بىرسىنىمۇ تاپالمىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ قەيەرلەرگە كەتكەن- لىكىنىمۇ بىلەلمىدۇق. بۇ قېتىم سىلەر ياردەملىشىپ تېپىپ ئەكەپسىلەر، بۇ تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. بىز سىلەرگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمىز. ھە راست، سىلەر ئۇنى نەدىن تاپتىڭلار؟ — باشلىق سۆزلەۋېتىپ، پەن - تېخنىكا ئاخ-

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

## سوغاق سۇنىڭ پايدىسى

كۆز سالقىنلىقنى خالايدۇ. ئېقىن سۇدا يۈز يۇغاندا نېرۋا سەگەكلىشىپ، كۆز رۇشەنلىشىدۇ. داۋاملىق شۇنداق قىلغاندا كۆزنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كىچىك دوستلار، كۆزۈڭلارنى ئاسراش ئۈچۈن هازىردىن باشلاپ سوغاق سۇدا يۈز يۇيۇشنى ئادەتلەندۈرۈڭلار.

## پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرۇش ۋە كىيىم ئال - ماشتۇرۇشنىڭ پايدىسى



ساۋاقداشلار يۈز - كۆزلىرىنى كۈندە يۇيۇپ تۇرىدۇ، بەزى كۈنلىرى ھەتتا بىرنەچچە قېتىم يۇيىدۇ. پۈتۈن بەدەننى قانچە كۈندە بىر قېتىم يۇغىنىمىز تۈزۈك؟

ياز كۈنلىرى ئەڭ ياخشىسى كۈنىگە بىر قېتىم، قىش كۈنلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم، شارائىت يار بەرمىسە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ يۇيۇنۇشىمىز لازىم. چۈنكى بەدىنىمىز-

نىڭ سىرتىدا (تېرىمىزدە) سانسىزلىغان تەر تۆشۈكلىرى بار. بەدىنىمىزدىكى بىر قىسىم كېرەكسىز ماددا ۋە مايلار ئاشۇ تەر تۆشۈكلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز بەدىنىمىزنى پاكىز يۇيۇپ تۇرمىساق، كىرلىكتىن بەدىنىمىزنىڭ تەر تۆشۈكلىرى ئېتىلىپ قېلىپ، تېرىمىزنىڭ نورمال ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. پات ـ پات يۇيۇنۇپ تۇرۇشنىڭ قان ئايلىنىشنى تېزلىتىش،ئىسسىقلىق تارقىتىش ۋە چىقىرىشقا تۈرتكە بولۇشتەك پايدىلىق تەرەپلىرى بار. شۇڭا ياز كۈنلىرى يۇيۇنساق سالقىنلاپ، قىش كۈنلىرى يۇيۇنساق ئىسسىپ قالىمىز.

پات ـ پات يۇيۇنغان ئىكەنمىز، كىيىمىمىزنىمۇ پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرغىنىمىز ياخشى. چۈنكى بەدەن پاكىز بولغىنى بىلەن كىيىم پاكىز بولمىسا، بەدەننى يەنىلا پاكىز تۇتقىلى بولمايدۇ، كىر كىيىمدە ھەر خىل باكتېرىيىلەر بولىدۇ، ئۇ باكتېرىيىلەرنىڭ بەزىلىرى يېتىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار بەدىنىمىزنى قىچىشتۇرىدۇ، ئېغىر ئەھۋالدا ھەتتا تېرە كېسەللىكىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا پات ـ پات يۇيۇنۇپ تۇرۇش ۋە كىيىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

## باشنى چۆمكەپ ئۇخلاش زىيانلىق



بىر كىشى مۇنداق بىر ئاددى تەجرىبىنى قىلىپ كۆرۈپتۇ: ئىككى چاشقاننى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى ئەينەك قاچىغا سېلىپ، بىر قاچىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، يەنە بىر قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قو-

يۇپتۇ، ئەتىسى قارىغۇدەك بولسا ئاغزى يېپىلغان قاچىدىكى چاشقان ئۆلۈك، ئاغزى ئوچۇق قاچىدىكى چاشقان تىرىك تۇرغۇدەك. بۇنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس: ئاغزى يېپىق قاچىدىكى چاشقان ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، دىمىقىتا بولۇپ ئۆلگەن.

باشنى چۈمكەپ ئۇخلاشمۇ يۇقۇرىدىكى ئەھۋال بىلەن ئوخشاش. يوتقاندىن ئەيىنەك قاچىغا قارىغاندا ئاز - تولا هاۋا ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن يوتقان قېلىن بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئۆتە- دىغان هاۋا چەكلىك بولىدۇ. كىچىك دوستلارغا مەلۇمكى، ئادەم بەدىنى ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، كاربون ئىككى ئوكسىدى ($C_2O$)نى چىقىرىۋېتىشكە مۇھتاج. يوتقاننى پۈركەپ ئۇخلىغاندا هاۋا دىگەندەك ئۆتۈشمەيدۇ، نەتىجىدە ئوكسىگېن بارغانسېرى ئازلايدۇ. كاربون ئىككى ئوكسىدى بولسا بارغان- سېرى كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلغانغان باشقا گازلارمۇ پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇيقۇ ئوبدان بولمايلا قالماستىن، ئادەم ئەتىسى هالسىزلىنىپ، چارچاپ قوپىدۇ. داۋاملىق مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئەستە تۇتۇش ئاجىزلىشىدۇ، ئۆگىنىش نەتىجىلىك بولمايدۇ. شۇڭا باشنى چۈمكەپ ئۇخلايدىغان كىچىك دوستلار بۇنداق ئادەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

## چاي ۋە كاناي

كاناي: ۋايجان، كۆيۈپ كەتتىم.
چاي: نىمە دىدىڭ؟!
كاناي: سەن نىمە ئانچە قىزىق؟
چاي: ئىگەڭ ئوتتا قايناتقاننى بىلمەمتىڭ؟
كاناي: بۇنى بىلسەم يۇتماس ئىدىم.
چاي: پۇۋلەپ ئىچسەڭ بولماسمىدى؟
كاناي: نەپسىم تاقىلداپ كەتسە.

# تۇز، ئاچچىقسۇ ۋە شېكەرنىڭ كارامەتلىرى




كىشىلەر تۇز، ئاچچىقسۇ ۋە شېكەرنى قوشۇمچە يېمەكلىك دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك كارامەتلەرنىمۇ كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن:

باش ئاغرىغاندا تىلنى تۇزغا تەككۈزۈپ كەينىدىن ئازراق قايناقسۇ ئىچىۋەتسە ئاغرىق پەسىيىدۇ، چىش قانىغاندا ئېغىزنى تۇز سۈيى بىلەن چايقىسا قان توختايدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر ئىستاكان تۇزلۇق چاي ئىچىپ بەرسە تاھارەت قىستىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاچچىقسۇ دائىم ئىستېمال قىلىنسا تولغاق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يۇيۇنغاندا سۇغا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇۋېتىلسە ئادەمنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ. ئۇزۇن ساقلانغان ئاچچىقسۇنى سۇغا ئازراق قوشۇپ يۇسا، چاچ چۈشۈشنىڭ ۋە باش قىچىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۆچەي ياللۇغى، تولغاق كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغانلار دائىم قەن چاي ئىچىپ بەرسە ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ. جىگەر كېسىلى بار كىشىلەر شېكەر كۆپ ئىچسە ھۆجەيرىلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدۇ.

ماتېرىياللاردىن: ئابلىمىت ئۆمەر

# ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پۇت يۇيۇشقا ئادەتلىنىش كېرەك



بەزى ساۋاقداشلار ئاخشىمى پۇت يۇيۇشنى ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ پۇتىنى يۇماي ياتىدۇ. پۇتنى يۇماي ياتقاندا ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەسلىدە پۇتتا تەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، پايپاق ۋە ئاياق كىيگەندە پۇت چاڭ پۇركىنىپ كەتكەچكە يول يۈرگەندە چىققان تەرگە سىرتتىن چاڭ-توزاڭ قونىدۇ-دە، ئۇ ئايلا سېسىق پۇرايدۇ.

ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پۇت يۇيۇش پەقەت پاكىزلىق ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى نورماللاشتۇرۇش، ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈنمۇ زور پايدىلىق. شۇنداقلا راھەتلىنىپ ئۇخلاپ، ئەتىكى دەرسنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىسى زور، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى پۇتنى يۇيۇپ ئۇخلاشقا ئادەتلىنىش كېرەك.

سائادەت نىياز

## تاماق تاللىماسلىق كېرەك



بىزنىڭ بەدىنىمىز ئېنېرگىيىگە مۇھتاج، شۇڭا ئوزۇق-لۇق بىزگە بەك مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقنى تاللىماي يېيىش كېرەك. بىلىپ قېلىڭكى، بېلىق، گۆش، تۇخۇم، سۈت، گۈرۈچ، ئۇن، خاسىڭ ۋە پۇرچاقنىڭ تەركىۋىدە ئاقسىل كۆپ بولىدۇ. كۆكتات، مېۋە، ئاشلىقنىڭ تەركىۋىدە ۋىتامىن كۆپ بولىدۇ. شورپا تەركىۋىدە فوسفور بىلەن كالتسىي كۆپ بولىدۇ. سەۋزە، يۇمغاقسۈت ۋە پۇرچاقنىڭ تەركىۋىدە تۆمۈر ماددىسى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، بۇنى ياخشى كۆرمەيمەن دەپ تاماق تاللاپ يەيدىغان بالىلار ئاسانلا ئاۋاق ياكى كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقنى تاللىماي يېيىشكە ئادەتلىنىش كېرەك.

باتۇر مامۇت

## زۇكامغا سەل قارىماڭلار

باشقىلار سىزگە — زۇكام كېسەل ھېساپلانمايدۇ دېسە ئىشەنمەڭ.

زۇكام — ئادەتتىكى زۇكام ۋە يۇقۇملۇق زۇكام دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەر ئىككىسىنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا، ئۆپكە ياللۇغى، كاناي ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى



AltunOq

سوزۇلما خاراكتېرلىق كونا كېسەللەر ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا زۇكامغا سەل قارىماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن دائىم بەدەننى چېنىقتۇرۇپ، بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، شەخسى ۋە مۇھىت تازىلىقىغا دىققەت قىلىش، بەدەننى ئىسسىق تۇتۇش، تەرلىگەندە دەرھال شامالدىماسلىق لازىم.

**كېرەم يۈسۈپ**

## كۆكتاتلار ئىچىدىكى «تۆت گۆھەر»

ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، سامساق تولغاق ۋە ئۈچەي ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىش ۋە باھار پەسىللىرىدە سامساق ئاچچىق سۇغا چىلاپ يېيىلسە مېڭە پەردىسى ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

تۇرۇپ تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە زۇكام، مېڭە پەردىسى ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

سۇگېپياز ئاشقازاننى كۈچەيتىش، تەرلىتىش، سىيدۈك ھەيدەش رولىنى ئوينايدۇ. سۇگېپيازنى خام زەنجىۋىلگە ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچكەندە زۇكام، باش ئاغرىقى دېماق پۈتۈش كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

خام زەنجىۋىل ئاشقازان ياللۇغى، يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش ۋە چاش چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

دېمەك، تۇرۇپ، سۇگېپياز، سامساق ۋە زەنجىۋىللەرنى كۆپ يېگەندە تەننىڭ ساغلاملىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

**بەختىيار ساۋۇت**

# ئارىستوتېل

(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 384 — 322 - يىللار)

ئۇلۇغ ئالىم ئارىستوتېل گىرېتسىيىنىڭ ستاجىرا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ بوۋىسىنىڭ خاس دوختۇرى ئىدى. ئۇ، ئوغلىنى ياخشى ئائىلىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلدى ھەمدە ئاتاقلىق گىرېتسىيە پەيلاسوپى پىلاتوندىن ئۆگەنسۇن دەپ، ئۇنى 17 يېشىدا ئافىناغا ئاپىرىپ قويدى.

ئارىستوتېل پىلاتوننىڭ قاراشلىرىنى بىردەك ياقلاپ كەتمىدى. ئۇ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش، ئىزلىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى خالايتتى. ئۇ ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ سىرلىق جانلىقلار دۇنياسىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى ھەمدە ھەقىقىي ئىلمىي قائىدىلەرنى تەدبىقلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ھايۋانات، ئۆسۈملۈك نۇسخىلىرىنى توپلىدى، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىدى. ئۆسۈملۈك دۇنياسى ۋە ھايۋانات دۇنياسىغا ئائىت ھەر

خىل بىلىملەرنى ئىمكان قەدەر تەپسىلىي ئىگەللەشكە تىرىشتى.

ئارىستوتېل ئۆز ئۆمرىدە 1000 پارچىغا يېقىن كىتاپ يازدى.

ئەمما ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئارىستوتېلمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئۆزىنى فىزىكا ساھەسىدە دۇنيا بويىچە نوپۇزلۇق دەپ ھىساپلايتتى. ئەمما، ئۇ بۇ ساھەدە بىرەر تەجرىبە ئېلىپ بارغان ئەمەس. فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش كويىدا بولاتتى. شۇڭا بۇ خاتاغا يول قويغان.

ئارىستوتېل: جىسىم قانچە ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈشى شۇنچە تېز بولىدۇ، دەپ يازغان. ئۇ بىر تال دەرەخ ياپرىقىنىڭ تاشقا قارىغاندا پەسكە ئاستا چۈشىدىغانلىقىنىلا كۆزدە تۇتاتتى. ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان 2 تاشنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈش سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى تەجرىبە قىلىپ ئىسپاتلاشنى خالىمايتتى، ئېغىر جىسىم ئېگىزدىن پەسكە تېز چۈشىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق دەپ ھىساپلايتتى ۋە بۇ خاتا قاراشنى ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ ئۆگەتكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىملار ئۇلۇغ ئارىستوتېلنى ئۆز تەلىماتىدا كەتكۈزۈپ قويمايدۇ دەپ ھىساپلايتتى. شۇڭا ئارىستوتېلنىڭ بۇ خاتا قارىشى بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشتى.

ئارىستوتېل — ئۇلۇغ بىئولوگ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ فىزىكا ساھەسىدىكى تەلىماتلىرى بىر ئاز چاندۇ.

## گالىلېي

(1564 — 1642 - يىللار)

بىلەمسىز، قەدىمقى ئالىملار ئىلىم - پەننىڭ جاپالىق ھەم ئەگرى - توقاي يوللىرى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ئىز سېلىپ كەتتى. كېيىنكى ئالىملار ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبە ۋە كۆزقاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ ئوڭلاپ - يۈزلەپ كەشپىياتلارنى ياراتتى ھەمدە ئالدىنقىلارنىڭ خاتالىقىنى كېيىنكىلەر تۈزىتىپ ماڭدى.

گالىلېي ئەنە شۇنداق ئالىملارنىڭ بىرى.

گالىلېي پىسا شەھرىدىكى يانتۇ مۇنارغا يېقىن جايدا تۇغۇلغان، ئۇ دىنغا ئېتىقات قىلاتتى، روھانى بولۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا، دەرۋىش ۋالانبۇرونىڭ تەربىيىلەپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. كېيىن ئۇ كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ دەرۋىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ دادىسى ئىتالىيىدە مەشھۇر پىپا چالغۇچى، مۇزىكا ئىجاتچىسى ۋە ئاتاقلىق ماتېماتىك ئىدى. بۇ كەسىپلەرنىڭ ئىش ھەققى ئاز بولغاچقا، ئۇ ئوغلىنىڭ مۇزىكانىت ياكى ماتېماتىك بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۇ ئوغلىنى دوختۇر بولسا پۇلنى كۆپ تاپىدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا، گالىلېي 17 يېشىدا پىسا داشۆسىگە كىرىپ تىببىي ئىلىم ئۆگەندى.

ئۆزلەشتۈرۈش ئىختىدارى كۈچلۈك، چىچەن ۋە قابىلىيەتلىك گالىلېي 18 ياش ۋاقتىدا پىسا چىركوۋىدىكى ئاسما چىراقلارنىڭ تەۋرىنىشىگە ئاساسلىنىپ تەجرىبە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ماياتنىك قانۇنىنى ياراتتى. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا گېئومېتىر تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن 21 يېشىدا مەكتەپتىن ئايرىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىلىم-پەن قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، «لەيلىتىش كۈچى تارازىسى»نى كەشپ قىلدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە بولسا كېرەك، گوللاندىيىنىڭ مىددېل بۇرگ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ھانىس رىبوش ئىككى پارچە لىنزىنى بىرلەشتۈرسە ئاجايىپ بىر ئويۇنچۇق بولىدىغانلىقى ـــ يىراقتىكى جىسىمنى يېقىنراق قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقىدى. گالىلېي مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ دۇربۇن ياسىدى. ئۇ كېيىن تېخىمۇ كۆپ لىنزا ۋە دۇربۇن ياساپ، ئاي يۈزىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا ئويمان-دۆڭلەر، تۇتاش كەتكەن ئېگىز-پەس تاغلار بارلىقىنى كۆردى. ئۇ سامان يولى سانسىزلىغان نۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن تەشكىل تاپقان، دەپ جاكالىدى. پىروفېسسورلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. چۈنكى، ئارىستوتېل بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەن ئىدى. گالىلېي يۇپىتېرنىڭ ئىككى ھەمراسى بارلىقىنى كۆزىتىپ چىققاندا، ئۇلار بۇنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك دەپ قاراشتى.

ئارىستوتېل: يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزى. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار يەر شارىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ، دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى. 1609-يىلى، ئالەم بوشلۇقىدا


AltunOq

يېڭى بىر پىلانت تېپىلدى. گاللېي ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە باشلىدى ھەمدە ئاشكارا ھالدا، كوپېرنىك (1473 — 1543 - يىللار) نىڭ تەلىماتى توغرا، يەر شارى قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېدى.

گاللېي ئارىستوتېلنىڭ بەزى قاراشلىرىدىن يەنە گۇمانلاندى. ئارىستوتېل، جىسىمنىڭ ئېگىزدىن چۈشۈش سۈرئىتى ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى ئېغىرلىقى ئون قاداق كېلىدىغان بىر تاشنىڭ ئېگىز-دىن چۈشۈش ئېغىرلىقى بىر قاداق كېلىدىغان تاشقا قارى-غاندا ئون ھەسسە تېز بولىدۇ دېگەن ئىدى. گاللېي تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئابرويلۇق پىروفېسسورلارنى يانتۇ مۇنار تۈۋىگە تەكلىپ قىلدى. ئۆزى بولسا ئېگىزلىكى 181 ئەنگلىز چىشى كېلىدىغان مۇنار ئۈستىگە چىقىپ، ئېغىرلىقى ئوخشىمايدىغان ئىككى تاشنى (بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 100 قاداق، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر قاداق) يەرگە تەڭلا تاشلىدى. نەتىجىدە، ھەر ئىككى تاش يەرگە بىرلا ۋاقىتتا چۈشتى.

بۇرۇن دىنىي جەمئىيەت ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى. گاللېيمۇ شۇ تۈپەيلى-دىن كېيىنكى ئۆمرىدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەھبۇسى بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ «ئىككى يېڭى پەن ھەققىدە دىئالوگ» دېگەن كىتابىنى يازدى. بۇ كىتابتا ئاقار جىسىم ئىستاتىكىسى، ئەركىن چۈشكەن جىسىم، ئىچكى تارتىشىش كۈچى، ھەركەت، ھەركەتنى تېزلىتىش جەھەتلەردىكى قانۇنلار شەرھلەنگەن.

ئۇ 1642 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

## رەھمەت ئېيتىش

لىفتىدە يۇك بېسىلغان ئىشەك ھارۋىسى بىر دۆڭگە يېتىپ كەلدى. ئىشەك ھارۋىنى تارتالماي قالدى. ھارۋىكەش ئارقىغا ئۆتۈپ، ھارۋىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى.

شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن بىر يولۇچى ئىشەك ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ دۆڭگە چىقىرىشىپ بەردى. ھارۋا دۆڭگە چىققاندىن كېيىن، ھارۋىكەش يولۇچىغا رەھمەت ئېيتىپ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت! ئەگەر سىز ياردەم قىلمىغان بولسىڭىز بۇ ھارۋىنى بىر ئىشەك دۆڭگە تارتىپ چىقالمايتتى! — دېدى.

يولۇچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتى.

قېنى دەپ بېقىڭ، يولۇچى نېمىشقا خاپا بولدى؟

## تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولامدۇ؟

ھەسەن بىلەن ھۈسەن تەنتەربىيە مەيدانىغا كېلىشتى.

— ھۈسەن، يۈر، يالاڭ تۇرنىك ئوينايلى، — دېدى ھەسەن.

ھۈسەن قولنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— سوغاق مۇشۇنچىۋالا قاتتىق بولۋاتىدۇ. يالاڭ

تۆمۈر تورنىڭ تېمپېراتۇرىسى ياغاچ قوش تورنىكىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ياغاچ قوش تورنىڭ ئويىنىساق ياخشى بولارمىكىن، — دېدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ھەسەن بېشىنى چايقاپ، — ياغاچنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن تۆمۈرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولمايدۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ تۆمۈر ياغاچتىن سوغاق ئەمەسمۇ؟ تۆمۈر بەك سوغاق، تۇتقىلى بولمايدۇ! — دېدى ھۈسەن قايىل بولماي.

ياخشىراق ئويلاپ باققىن، — دېدى ھەسەن.

ھۈسەن نىمىنى ئويلاپ باقىدۇ؟ تۆمۈر بىلەن ياغاچنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قانداق بولىدۇ؟

(جاۋاۋى كېلەركى ساندا)

## ئۆتكەن ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋاۋى

**1 - ئىمتىھان سوئالى:** 267 - ۋە 268 - بەت دىگەن كىتاپتا بىر ۋاراقنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئارىسىغا بىر نەرسىنى قىستۇرۇپ قويغىلى بولمايدۇ. ھىلىقى ئادەم بۇ ئىشنى سېزەلىگەن بولغاچقا، ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇنىڭغا يۈز نومۇر قويغان.

**2 - لەتىپە:** بەگ سۆزلىگەن چۆچەك شۇ سورۇندا ھىلىقى دوستى ئۇنىڭ ئالدىدىلا سۆزلەپ بولغان چۆچەك. شۇڭا كۆپچىلىك قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن.

**3 - قىزىق سوئال:** ئەپەندىم «بىلمەيمەن» دەپلا جاۋاپ بەرگەن.

4 ـ **قانچە تال شام قالدى:** ئۈچ تال شام قالدۇ. چۈنكى، شامال ئۆچۈرۈۋەتمىگەن يەتتە تال شام ئاخىر ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدۇ. شامال ئۆچۈرۈۋەتكەن ئۈچ تال شام كۆيمىگەچكە ساق قالىدۇ.

5 ـ **غەلىتە ۋەسىيەت:** ھېلىقى ئەقىللىق ئادەم ئۆزى يېتىلەپ كەلگەن بىر قويىنى ئون بىر قويغا قوشۇپ قويغاچقا قوي جەمئىي ئون ئىككى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم قويلارنىڭ يېرىمىنى (ئالتىنى) چوڭ ئوغۇلغا، تۆتتىن بىرىنى (ئۈچىنى) ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا، ئالتىدىن بىرىنى (ئىككىنى) كەنجى ئوغۇلغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئالتە، ئۈچ، ئىككى قوشۇلسا ئون بىر بولىدۇ. ئېشىپ قالغان بىر قوي ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قويىدۇر.

6 ـ **ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم:** دوختۇر ئاشۇ بالىنىڭ ئانىسى.

7 ـ **شوپۇر:** ئەگەر شوپۇر گاس بولغان بولسا، ھېلىقى خانىمنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتى. ھېلىقى خانىم ماشىنىدىن چۈشۈپ، كىرا ھەققىنى تۆلىگەندىن كېيىن شوپۇرنىڭ گاس ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغان، چۈنكى شوپۇر ئۇنى دېگەن يەرگە ئەكېلىپ قويغان ئىدى.

8 ـ **غەلىتە ئۈچ تېپىشماق:** (1) قىزنىڭ تاغىسى قارىغۇ، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى قارىغۇلار يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب. شۇڭا ئۇ چىراق ئۆچسىمۇ ئوقۇۋەرگەن. (2) قىزنىڭ ھالقىسى تېخى قايناقسۇ قۇيۇپ دەملىمىگەن قۇرۇق چايغا چۈشكەن، شۇڭا ھۆل بولمىغان. (3) قىزنىڭ دادىسى تاقىر باش، ئۇنىڭ چېچى يوق. شۇڭا ئۇنىڭ قايسى چېچى ھۆل بولسۇن؟

9 ـ **ناۋاي بىلەن سوتچى:** ناۋاينىڭ نېنى بىر جىڭ

كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنى كەم بولغاچقا غىپپىدىلا تىكىۋېتكەن.

10 - ئەپەندىنىڭ بازارغا بېرىشى: بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاش كېرەك. ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل پىكىرلىرىنى تەھلىل قىلىش، ئۆزى ئويلاپ بىر پىكىرگە كېلىش، خەق نېمە دېسە شۇنى قىلماسلىق كېرەك. ئۈچىنچى، ئۆزەڭ توغرا دەپ ھېساپلىغان ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشۇڭ، كىشىلەر مەسخىرە، مازاق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا تەۋرىنىپ قالماسلىقىڭ. ئۆز ئىشىڭنى ئۆزگەرتمەسلىكىڭ كېرەك. بىلىش كېرەككى، بەزى ئىشلاردا ھەممە ئادەمنى تەڭ قانائەتلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

## قانداق ئادەم غادىيىۋالىدۇ؟



ئوغلى دادىسىدىن:


— ئېيتىڭا دادا، نېمە ئۈچۈن بەزى باشاقلار تىك تۇرسا، بەزى باشاقلار يەرگە ساڭگىلىۋالىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تولۇق دان تۇتقان باشاقلار يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. دېنى پۇچەك باشاقلار بولسا ئاسمانغا قاراپ غادىيىۋالىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى دادىسى.


ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش: قوسىقىدا بىلىمى كۆپلەر تەمكىن، ئېغىر - بېسىق كېلىدۇ. بىلىمسىزلەر قۇرۇق گەپ ساتىدىغان پوچىلار بولۇپ، غادىيىپ يۈرىدۇ.


AltunOq

## بىر مىنۇتتا ھىساپلاڭ



بۆجەن دىدى: ماڭا بىر جىڭ شېكەر، بىر جىڭ ئالما، بىر جىڭ نەشپۈت، بىر جىڭ پىرا- نىك سېتىپ بەرسىڭىز.



مۆشۆك ئېرىيىق دىدى: بىر جىڭ شېكەرنىڭ باھاسى 1.64 يۈەن، بىر جىڭ ئالما 0.48 يۈەن، بىر جىڭ نەشپۈت 0.42 يۈەن، بىر جىڭ پىرا- نىك 0.96 يۈەن بولىدۇ.

كىچىك دوست تېز ھىساپلاپ كۆرۈڭ، بۆجەن مۆشۆك ئېيىقتا قانچە يۈەن بەرسە بولىدۇ؟

تېز ھىساپلاش ئۇسۇلىنى ئۇقامسىز؟ ئۇنداقتا تۆۋەندىكى سانلارنى بىر مىنۇتتا قوشۇپ چىقىڭ.

$$4.68 + 0.14 + 2.1 + 0.86 + 5.3 + 53.2 + 1.9 + 4.7 =$$

## مۇشتەرىلاردىن خەت

ھۆرمەتلىك تەھرىر تاغا ۋە ھەدىلەر ياخشىمۇ سىز-لەر؟

مەن سىزلەرنى «تارىم غۇنچىلىرى» ژورنىلىنى نەشر-دىن چىقارغانلىقىڭىزلار مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىك-لەيمەن.

بۇ ژورنال بىزنى چەكسىز خوشال قىلدى ۋە بىزنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىمىزنى تېخىمۇ قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن زور تۈرتكە بولدى.

سىزلەرگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

مەن سىزلەرنىڭ «تارىم غۇنچىلىرى»نى تېخىمۇ مەز-مۇنلۇق قىلىپ چىقىرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

قۇمۇل شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تو-لۇقسىز 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى
**رىسالەت ئىسھاق**

### «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«تارىم غۇنچىلىرى» ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم مەز-مۇنلۇق ياخشى ژورنال بوپتۇ، بىز بۇنى ئوقۇپ ناھايىتى خوشال بولدۇق. ئەمدى بىز شۇنى ئىلتىماس قىلىمىزكى، بۇ ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىدا ھەر خىل قىزىقارلىق رەڭلىك

رەسىملەرنى بېسىپ بەرسە. بىز كىچىك ساۋاقداشلار رەسىمگە ئامراق، رەسىملىك كىتاپلارنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇيمىز.

قاغىلىق ناھىيە ئۈشار باش ئوتتۇرا
مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى
**ئەنۋەر مەنسۇپ**

**سالام سىزلەرگە مۇھەررىر تاغىلار:**

مەن 1985 - يىل 1 - سان «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بۇ ژۇرنالغا قوشۇمچە ئاپتور بولۇشنى ئويلىدىم ھەم شېئىر، يۇمۇر، ھىكايە، تېپىشماقلارنى يازدىم.

مەن بۇرۇن بىرقانچە گېزىت - ژۇرناللارغا شېئىر ئەۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن جاۋاپ كەلمىدى. مەن شۇندىن باشلاپ مەيۈسلىنىپ قالغان ئىدىم. كېيىن بۇ «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ غەيرەتكە كەلدىم - دە، «يېڭى يىلغا مەدھىيە» دىگەن شېئىرىمنى ژۇرنىلىڭىزلارغا ئەۋەتتىم. بۇ شېئىرنىڭ كەمچىل تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭىزلارنى ھەمدە ماڭا ياردەم بېرىشىڭىزلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىت قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ×××

ساۋاقداش ×××:

سىز ئەۋەتكەن شېئىر ۋە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. تەھرىر بۆلۈممىز مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە سىزنىڭكىگە ئوخشاش خەتتىن ناھايىتى نۇرغۇن تاپشۇرۇۋالدى. بىز سىلەرنى قىزغىن قوللايمىز ۋە ياردەم بېرىمىز.

بىز سىزنىڭ «يېڭى يىلغا مەدھىيە» دىگەن شېئىرىڭىزنى ئەستايىدىل ئوقۇپ شۇنداق خۇلاسىغا كەلدۇق: سىز يازغان بۇ شېئىردا ئادەتتە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان

مۇشتىرىلاردىن خەت

قىلىنىۋاتقان شېئىرلاردىكى پىكىرلەر تەكرارلانغان ھەمدە ئاددىي تەسىراتلا بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شېئىرنى ژۇرنالغا ئىشلىتەلمىدۇق. باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭمۇ ئەسەر-لىرىڭىزنى ئىشلەتمەسلىكتىكى سەۋەپ شۇ بولسا كېرەك...

ئەدەبىيات جەڭگىۋار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنى يېڭىلىققا، كۈرەشكە ئۈندەيدۇ ھەمدە بەدىئىي زوق بېرىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشچانلىقى بولمىغان ئەسەرلەر كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات ھە-ۋەسكارى بولغان ئادەم تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىشى كېرەك. ئەمما، ئۇ جەڭگىۋار تۇرمۇشنى ئىزلەپ يىراققا بارماق — مەكتەپ، ئائىلە، ئۆز ھاياتىڭىزدىكى ياكى دوستلىرىڭىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، تەسىرلىك بىر ئىشنى ياكى بىر ۋەقەنى تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز ھېسسىياتى-ڭىزنى قوشۇپ، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلىسىڭىزلا بولىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى ياخشى بىر ئەسەر بولالايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، شېئىر، ھېكايە يېزىش سىرلىق نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مەش-ھۇر ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇسىڭىز، ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى تۇر-مۇشنى چوڭقۇر كۆزەتسىڭىز ھەمدە بۇ تۇرمۇشنى ئەدەبىي ئەسەردە تېخىمۇ جەڭگىۋار، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن كۆپ مەشىق قىلسىڭىز ۋە ئۆز ئەسىرىڭىز ئۈستىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆپ ئاڭلاپ، ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا ـ قايتا تۈزەتسىڭىز يېقىن كەلگۈ-سىدە سىزدىن ياخشى بىر شائىر ياكى يازغۇچى چىقىشى مۇمكىن. سىزنىڭ كۈندىلىك ئوقۇشتا ۋە ئىجادىيەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ:

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەررىر تاغىڭىز.

## مۇشتەرىلاردىن خەت



# مەكتەپكە نىمىلەرنى ئېلىۋېلىش كېرەك؟

كىچىك دوستلار، سىلەر ھەر كۈنى كەچتە تاپشۇرۇغۇڭلارنى ئىشلەپ بولۇپ ياكى تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا دەرسلىك جەدۋىلىڭلارغا بىر قارىۋېتىڭلار. ئەتە قانداق دەرسلەر ئۆتۈلىدىغانلىقىنى، نىمىلەرنى ئېلىۋېلىش كېرەكلىكىنى ۋە شۇ نەرسىلەرنى سومكاڭلارغا سالدىڭلارمۇ-يوق، بىر قۇر تەكشۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئۇخلاشقا ئادەتلىنىڭلار.

بەزى ساۋاقداشلار، نىمىگە ئالدىرايتتۇق، ئەتە ئەتىگەندە قىلساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، دىيىشىمۇ مۇمكىن. كونىلارنىڭ بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما دىگەن گېپى بار. گايىدا ۋاقتىدا تۇرالماي ئۇخلاپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، گايىدا ئاتا-ئاناڭلار بىرەر ئىشقا بۇيرۇپمۇ قالىدۇ ياكى بەزىدە بىرەر ساۋاقدىشىڭلار مەكتەپكە بىللە بېرىش ئۈچۈن سىلەرنى چاقىرغىلى كىرىپمۇ قالىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا، سىلەر ئالدىراپ قېلىپ ئېلىۋالىدىغان نەرسەڭلارنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر.

ھەر كۈنى كەچتە، سىلەر تەكشۈرىدىغان مەزمۇنلار: ئەتىسى ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتاپلار، شۇ كۈن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلار...

بەزى ساۋاقداشلار، ئۆگىنىشتە ئىشلىنىدىغان بارلىق نەرسىلىرىمنى سومكامغا سېلىپ قويسام، ھەر كۈنى تەكشۈ-


AltunOq

رۇپ ئاۋارە بولمايمەن دەيدۇ، ئۇنداق قىلغان بىلەنمۇ بولمايدۇ. ھەممە نەرسىنى سومكىغا سېلىۋالسا سومكا ئېغىر-لىشىپ ئاسانلا كاردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچتە ئەتىسى كېرەكلىك نەرسىلەرنى سومكاڭلارغا سېلىپ قويۇشنى ئادەت قىلىڭلار.

## ھېساپلاش ماشىنىسى ئىشلىتىشنىڭ ئۆگە-نىشكە ياردىمى بولامدۇ؟



بىر كۈنى نۇرنىجاتنىڭ دا-دىسى ئۆيگە بىر ھېساپلاش ماشىنىسىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولدى! چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈشنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ ھەمدە ناھايىتى توغرا ئىشلىگىلى بولىدۇ.

مۇشۇ ئايدا بۇ چوڭ قورادىكى سۇ، توك ھەققىنى يىغىش نۆۋىتى نۇرنىجاتنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن ئىدى. نۇرنىجات دادىسىدىن ھېساپلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدى-دە، بىردەمدىلا چوڭ قورادىكى ئون نەچچە ئائىلىنىڭ مۇشۇ ئايدا ئىشلەتكەن سۇ، توك ھەققىنى ئېنىق ھېساپلاپ چىقتى. ئىلگىرى بولسا بۇلارنى ھېساپلاشقا بىر-ئىككى سائەتتىن ئۇشۇقراق ۋاقىت كېتەتتى، يەنە شۇن-داقتىمۇ ھېساپتا ئانچە-مۇنچە خاتا كېتىپ قالاتتى.

يەكشەنبە كۈنى، نۇرنىجات ئانىسى بىلەن بىللە بازارغا ماڭغاندا ھېساپلاش ماشىنىسىنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى.

ئانىسى بازاردىن قانداقلىكى نەرسە ئالسا، ئۇ ئانىسىغا قانچە پۇل تۆلەش لازىملىغىنى؛ ئانىسى پۈتۈن پۇل بەرسە، دۇكانچىنىڭ قانچە پۇل ياندۇرۇشى كېرەكلىگىنى ئېنىق ھىساپلاپ بەردى.

كەچتە نۇرنىجات ھىساپ مەشقلىرىنى ئىشلىمەكچى بولدى ـ دە، ھىساپلاش ماشىنىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولدى. ئەمما بۇ قېتىم دادىسى ئۇنىڭ مەشق ئىشلەشتە ھىساپلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشىگە يول قويمىدى. بۇ ئىش نۇرنىجاتنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى. ئۇ: شۇنىداق ياخشى ھىساپلاش ماشىنىسى تۇرسا، ئۇنى ئىشلەتمەي ئوشۇقچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ باشنى قاتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى، دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، دادىسىنىڭ پىكرى توغرا ئىدى. ھىساپ مەشقلىرىنى ئىشلەشنىڭ ئۆزى، سان توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ۋە ھىساپلاش ماھارىتىنى ئىگەللەشتىن ئىبارەت. ھىساپلاش ماشىنىسى بىلەن ھىساپلىغاندا، ئېھتىمال، نۇرنىجاتنىڭ ياخشى نومۇر ئېلىشىغا يارىدىمى بولۇپ قالار، ئەمما، چاينىماي بەرگەن ناننىڭ تەمى بولماس دىگەندەك، ھىساپلاش ماشىنىسى ئىشلىتىش ئۇنىڭ بىلىم ۋە ماھارەت ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگىنىشنىڭ ئاساسي ياخشى يارىتىلمىسا، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالى مەكتەپلەرگە چىققاندا ئاساسي بىلىملەرنى چۈشىنىش، ئىگەللەش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ.


شۇنىڭ ئۈچۈن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەشق ئىشلىگەندە ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمىگە تايانمىغىنى تۈزۈك. چۈنكى، ئۆگىنىش باسقۇچىدا ئازراق بولسىمۇ كاللا ئىشلىتىپ ئاساسي ماھارەتنى ئۆستۈرگەن ياخشى.

**تۇرارىبېك نىياز**

# -5 ساندىكى مۇسابىقە سوئالى

**1. دەرىجىلىك سوئال:**

ئالدىنقى ئىككى شەكىلدىكى ئۈچ ساننىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، كېيىنكى شەكىلدىكى بوش چەمبەرنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق ساننى تولدۇرۇڭلار.




**2 - دەرىجىلىك سوئال:**

ئالتە دانە سەرەڭگە تېلى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تۆت دانە تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ قۇراشتۇرالامسىز؟

(بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى 6- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشى كېرەك)

مەن ھورۇن، يالقاۋ بالىنى ياقتۇرمايمەن. تىرىشچان، ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، راستچىل بالىنى ياخشى كۆرىمەن.

سۇڭ چىڭلىڭ



قىش كۈنىدىكى رەسىم [ئامېرىكا] راش شىمىس



# تارىم غۇنچىلىرى

# 塔里木花朵

(1985 - يىل 5 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتا
ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ژۇرنال نومۇرى: 58 - 36 باھاسى: 0.23 يۈەن

AltunOq